ئىزىمىز robot Play
ئىزىمىز بىلىم خەزىنىسى

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

19



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


ياغاچچى بىلەن بوياقچى ............ 1

ئورنىنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشەر ............ 6

ئەقىللىق كېلىن ............ 16

ئەقىللىق دېھقان ............ 21

چاققان ئوغرىنىڭ ۋەزىر بولۇشى ............ 23

ئەقلىڭ — بايلىقىڭ ............ 36

قازى بىلەن مەھەممەت رازى ............ 41

ئارغىماق ماجىراسى ............ 61

پادىشاھ ھوشيار ............ 69

مىراس ............ 76

ئىككى باينى ئەپلىگەن مالاي ............ 85

ھېكايە خۇمار پادىشاھ ............ 90

قازىنىڭ قىزى ............ 103

باي بىلەن چاكار ............ 110

پادىشاھنىڭ كەنجى قىزى ............ 114

بېگىمنىڭ تايغىنى ............ 118

توغرا ھۆكۈم ............ 122

گۈمۈش شاھزادە بىلەن چىچەن قىز ..........129
باغۋەن بوۋاي ..................................133
بارىكاللا ........................................135
ئەركەكمۇ، ئۇرغاچىمۇ ..........................138
دانىشمەن ۋەزىر ...............................140
كۆڭۈلدىكىدەك كېلىن ...........................143
تەدبىرلىك باغۋەن ..............................146




# ياغاچچى بىلەن بوياقچى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ
بىر ياغاچچىسى بىلەن بىر بوياقچىسى بار ئىكەن. بۇ ئىككى
ئۇستا پادىشاھنىڭ پۈتۈن ئوردا ـ سارايلىرىنى ياساپ زىننەت-
لەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ پادىشاھ ئۆلۈپ، ئورنىغا ئۇنىڭ
ئوغلى پادىشاھ بوپتۇ. ياش پادىشاھ ھېلىقى ئىككى ئۇستىنى
خۇددى ئۆز ۋاقتىدا ئاتىسى ئەتىۋارلىغاندەك ئەتىۋارلاپ ئىش-
لىتىپتۇ. ياغاچچى ئۇستا تولىمۇ تەدبىرلىك، توغرا ئادەم ئى-
كەن، لېكىن بوياقچى ئىچى تار، كۆرەلمەس، قارا كۆڭۈل ئا-
دەم ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ياغاچچى ئۇستىنى ياخشى كۆرگى-
نىنى كۆرەلمەيدىكەن، شۇڭا دائىم ياغاچچىنىڭ بىرەر ئەيىبى-
نى ئىزدەپ يۈرىسىمۇ، لېكىن چوڭلىغا توختىغۇدەك بىر ئەيىب
تاپالماپتۇ. ئىچى يامان بوياقچى ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئويلاپ
ئاخىر ياغاچچىنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ ئامالىنى تېپىپتۇ ـ
دە، بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

— ئى پادىشاھىئالەم، — دەپ قول قوۋۇشتۇرۇپ، ئۆز
مەقسىتىنى بايان قىلىشقا باشلاپتۇ بوياقچى، — جانابلىرىنىڭ
ئالدىغا ناھايىتى بىر نازۇك ئىش بىلەن كەلدىم، ئېيتاي دې-
سەم، قاراپ تۇرۇپ ئۆز ھەمراھىم ياغاچچى ئۇستىنىڭ جېنىد-

غا زامىن بولۇپ قالارمەنمىكىن دەپ قورقتۇم، ئېيتماي دې-
سەم، جانابلىرىنىڭ بەرگەن تۇزىنى ئاياغ ئاستى قىلغاندەك
بولۇپ قالىمەنمىكىن دەپ قورقتۇم. ئاخىر ئويلاپ، جانابلىرى-
غا بولغان ساداقىتىمنى يوقىتىپ قويۇشنى ئۆزۈمگە ئىككىلا
ئالەمدە گۇناھ دەپ بىلىپ، بۇنى بايان قىلىش ئۈچۈن ھۇزۇر-
لىرىغا كەلدىم، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ پۈتۈن دىق-
قىتىنى بوياقچىغا قارىتىپ:
— قېنى، ماڭا بولغان ساداقىتىڭنى بايان قىلغايسەن، —
دەپ جاۋاب كۈتۈپتۇ.
— تەقسىر، پېقىرلىرى ئاخشام — ئۇلۇغ ئازنا ئاخشىمى
ئاجايىپ بىر سىرلىق چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە جەننەت-
نىڭ ئىچىدە يۈرگۈدەكمەن. جەننەتنىڭ ئاجايىپ گۈزەل باغلى-
رىنى ئارىلاپ، ھۆر - غىلمانلار بىلەن سەيلە - تاماشا قىلىپ
بىر پېشايۋاننىڭ قېشىغا بارسام، كۆزۈمگە تونۇش بىر زات
كۆرۈندى. تەنلىرىم يايرىغاندەك بولدى. بايقىغۇدەك بولسام، ئۇ
جانابلىرىنىڭ ئاتىسى مەرھۇم شاھىمىز ئىكەن. ئۇ زات مېنى
كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە يېنىغا چاقىردى، قېشىغا باردىم.
ئاتىلىرىنىڭ يۈز - كۆزى نۇرغا تولغان، ئەتراپىدا ھۆر - پە-
رىلەر جەۋلان قىلىپ تۇرۇپتۇ، لېكىن پادىشاھىمىنىڭ ئۇلار
بىلەن زادى كارى يوق. مەن پادىشاھىمىنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر
خاپا بولۇپ تۇرغىنىنى بايقىدىم. شاھىمدىن ئەھۋال سورىدىم.
شاھىم مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمەي، جانابلىرىنى سورى-
دى. مەن: «ئوغۇللىرى كاتتا سەلتەنەت بىلەن پادىشاھلىقنى
قىلىۋاتىدۇ» دېدىم. لېكىن، شاھىم بۇ جاۋابقىمۇ قىزىقمىدى.
مەن ھەيران بولدۇم. ئاخىر شاھىم: «مەن جەننەتتە خۇدانىڭ
ئۇلۇغ رەھمىتىگە ئىگە بولدۇم. كۆرۈپ تۇرۇپسەن، جەننەتنىڭ
ئىچى پاراغەت بىلەن تولغان، بىراق بۇ يەرلەردىكى ئىمارەتلەر

ئۇ ئالەمدە ياساتقان ئىمارەتلىرىمگە ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، مېنى ئانچە قىزىقتۇرالمىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇ دۇنيادىكى ئىمارەتلىرىمگە ئوخشاش ئىمارەتلەردە تۇرۇشنى خالايتتىم، لېكىن جەننەتتە ئۇنداق ئۆيلەرنى ياسايدىغان مېنىڭ ياغاچچى ئۇستام يوق. ئەمدى سەن ئۇ دۇنياغا قايتساڭ، ئوغلۇمغا ئېيتىپ قويغىن، ئىلاج قىلىپ شۇ ياغاچچى ئۇستىنى مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتسۇن» دېدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئاتىلىرى كۆزۈمدىن غايىب بولدى. مەن هاياجان ئىچىدە ئويغىنىپ كەتتىم. ئويغانسام، مەزىن بامدات نامىزىغا ئەزان ئوقۇۋېتىپتۇ. دەررۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاھارەت ئالدىم ـ دە، ئىككى رەكەت نامازئوقۇپ، مەرھۇم شاھىم ئۈچۈن دۇئا قىلدىم. مانا، بولغان ئەھۋال شۇ. بۇنى جانابلىرىغا يەتكۈزمەسلىكنى ئۆزۈمگە مۇناسىپ كۆرمىدىم، — دەپ بوياقچى كۆز يېشى قىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپتۇ ۋە ئاخىردا ئاتىسىنىڭ بۇ ئارزۇسىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن، قانداق قىلىش لازىملىقىنى ئويلاپتۇ، دەررۇ ئۆلىمالارنى چاقىرىپ مەسلىھەت سوراپتۇ. ئۆلىمالار كىتاب ئېچىپ، ئاخىر:

— بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىگە جاكار قىلىپ، بىر ھەپتىگىچە ئوتۇن يىغدۇرۇش لازىم. ئەنە شۇ ئوتۇننىڭ ئېگىزلىكىگە كۆز يەتمەيدىغان بولغاندا ئۇنىڭغا ئوت يېقىش كېرەك. ياغاچچى ئۇستىنى بولسا، شۇ ئوتۇننىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ كۆيدۈرسەك، شەرت ئادا بولىدۇ. ئوت كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن، پەرىشتىلەر ياغاچچىنى كۆتۈرۈپ ئۇ دۇنياغا ئاپىرىپ قويىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

ئۆلىمالارنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى بويىچە پادىشاھ ياغاچچىغا بىر ھەپتە مۆھلەت بېرىپ، ئاھالىگە جاكارلاپ ئوتۇن يىغدۇرۇپتۇ. بۇنى ئۇققان ياغاچچى دەررۇ ئۆيىگە بېرىپ ئۆزد-

نى قۇتقۇزۇشنىڭ چارىسىنى كۆرۈپتۇ: ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدىن
تاكى ئوتۇن دۆۋىلەنگەن يەرگە قەدەر لەخمە كولاپتۇ. بىر ھەپ-
تىدىن كېيىن پادىشاھنىڭ جاللاتلىرى كېلىپ ياغاچچىنى ئو-
تۇن دۆۋىلەنگەن يەرگە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۆلىمالارنىڭ دۇئاسى-
دىن كېيىن، ئۇنى ئوتۇننىڭ تېگىگە باستۇرۇپتۇ. ياغاچچى
ئوتۇننىڭ ئاستىغا كىرىپ، مىڭ تەسلىكتە ھېلىقى تۆشۈكنى
تېپىپ، لەخمە بىلەن ساق ـ سالامەت ئۆيىگە كېلىۋاپتۇ. ئو-
تۇن بىرقانچە كۈن كۆيۈپ ئۆچۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ياش پادى-
شاھنىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپتۇ.

ياغاچچى ئىككى ئايغىچە ۋاقىتنى ھېچكىمگە كۆرۈنمەي
ئۆيىدە ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ ئويلا ـ ئويلا، مەن بۇ بوياقچىغا ھېچ-
بىر يامانلىق قىلمىسام، نېمە ئۈچۈن ماڭا قەست قىلىدۇ؟
زادى ئۇنىڭ كۆڭلى قارا ئادەم ئىكەن. ئەمدى ماڭا كولىغان
ئورىغا ئۆزى چۈشسۇن، دەپ بىر ئامال ئويلاپتۇ ـ دە، بىر
كۈنى سەھەر تۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ-
تۇ. ئۇ دەرەخلەرگە يامى-
شىپ چىقىپ، پادىشاھ يا-
تىدىغان ئۆينىڭ ئۈستىگە
سەكرەپ چۈشۈپتۇ. ئۆگزى-
نىڭ قاتتىق غاراسلاپ
كەتكىنىدىن پادىشاھ چۆ-
چۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ،
دەررۇ پاسىبانلىرىنى نېمە
ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىپ
كىرىشكە بۇيرۇپتۇ.



پاسىبانلار ئۆگزىگە
چىقىپ قارىسا، ھېلىقى

ياغاچچى تۇرغۇدەك. ئۇلار ھەيران بولۇشۇپتۇ. ياغاچچى ئۇلارغا:
— قورقماڭلار، مەن ئەرشتىن چۈشتۈم. مەرھۇم پادىشا-ھىمغا جەننەتتە ئىمارەت ياساپ بەردىم. خۇدايىتائالا مېنىڭ ئەجىلىم تېخى پۈتمىگىنى ئۈچۈن يەنە بۇ دۇنياغا قايتۇرۇۋەت-تى، — دەپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان پاسىبانلار ياغاچچىنى ئۆگزىدىن چۈشۈ-رۈپ، پادىشاھنىڭ قېشىغا ئەكىرىپتۇ. پادىشاھمۇ ھەيران قاپتۇ. ياغاچچى پادىشاھقا تەزىم قىلىپ، ئۆز سۆزىنى بايان قىپتۇ:
— ئەي ئۇلۇغ شاھىم، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن مەن جانابلىرىنىڭ ئاتىلىرىنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ قايتتىم، ئىما-رەت ياساپ بەردىم. ئاتىلىرى بۇ ئىشىم ئۈچۈن سىلىگە ناھا-يىتى جىق مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە جانابلىرىنىڭ دۆلىتى-نىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۈلغىيىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. خوش، ئەمدى مەقسەتكە كەلسەك، تەقسىر، مەن ئىمارەتنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى تاماملىدىم، بىراق سىر - بوياقلار بىلەن قىلىنىدىغان زىننەتلىرى تېخى ئىشلەنمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىلىرى رەھمىتى تېخى ئۇ ئۆيگە ئورۇنلاشمىدى. مەن بۇياققا قايتىشتا، ئاتىلىرى: «ئۆيىنىڭ زىننەتلىرى تېخى ئىش-لەنمىدى، ئوغلۇم دەرھال بوياقچى ئۇستامنى ئەۋەتسۇن. ئەگەر ئوغلۇم بۇنىمۇ بىجىرسە، مەن ھەددى - ھېسابسىز خۇش بولاتتىم» دېدى ۋە بۇ گەپنى ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈپ قو-يۇشنى ماڭا تاپشۇردى.
بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ياغاچچىدىن ناھايىتى مىننەتدار بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىككىنچى ئارزۇسىنىمۇ ئورۇنداش ئۈچۈن بەل باغلاپ، نۇرغۇن ئوتۇن يىغدۇرۇپ، يەتتە كۈندىن كېيىن بوياقچىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ.

# ئورنى كەم كولسا ئۆزى چۈشەر

بۇرۇن بۇرۇنكەن، تۆلكە خىزىركەن، ئېيىق پادىشاھ، مايمۇن ۋەزىركەن، بايلارنىڭ ئۆيى ساراي ـ قەسىركەن، گۆش دەپ ئالغىنىڭ ئۆپكە ـ بېغىركەن، گادايغا كۈن يوق، دۇمبە يېغىركەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر شەھەردە زالىم بىر باي بولغانىكەن.

شۇ شەھەرگە يېقىن يەردە ئولتۇرىدىغان بىر كەمبەغەل موزدۇز بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تاز ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ ئاتا كەسپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەچكە، ئۇنىڭ تىككەن ئاياغلىرى، ھەتتا شاھنىڭ ئىنئامىغا مۇشەررەپ بولغانىكەن. بۇنىڭدىن كۆزى قىزارغان شۇ شەھەرنىڭ ئاچ كۆز بېيى نىيىتىنى ئالا قىلىپ، موزدۇزنىڭ ئۆيىگە بالىسىنى ھۈنەر ئۆگىنىشكە شاگىرتلىققا ئېلىپ كەپتۇ. ئاق كۆڭۈل موزدۇز ئۇنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ قاپتۇ.

ئەسلىدە باينىڭ ئەكەلگىنى باينىڭ ئۆز بالىسى بولماستىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپ زۇلۇمغا چىدىماي قاچقاندا باي تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ، قاتتىق تاياق دەستىدىن ئۆلەر ھالغا كېلىپ قالغان چاكار ئىكەن.

شۇ كېچىسى موزدۇز بىلەن بىر يەردە يېتىپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بەرگەن چاكار ئەتىسى

ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ، باي: «ئۆزۈڭنىڭ بالىسىنى تۆلەپ بېرىسەن، ئەگەر بەرمىسەڭ، خۇن دەۋاسى قىلىپ شاھقا ئەرز قىلىمەن!» دەپ مېيىتنى ئېلىپ كەتكىلى ئۇنىماپتۇ. موزدۇزنىڭ ئوغلىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماپتۇ. باينىڭ غەرىزىنى ئالدىن چۈشەنگەن موزدۇزنىڭ بالىسى: «دادا، مېنى چاكارلىققا بېرىڭ، قالغىنىنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. موزدوز ئامالسىز ئوغلىنى بايغا قوشۇپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بالا باينىڭ ئۆيىدە كۆيۈپ - پىشىپ ئىشلەپ، ئائىلىسىدىكىلەرنى باينىڭ ھەر خىل تۆھمەت - قىستاقلىرىدىن ھىمايە قىپتۇ.

ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ، بالا بۇ جەرياندا بايغا نۇرغۇن پۇل تېپىپ بېرىپتۇ. باي بولسا، ئۇنىڭ ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن ھەممە نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، بالىغا ھېچنېمە بەرمەپتۇ. ئاچ كۆز باي ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى قورقۇپ، بۇنى ۋاقتىدا كۆزۈمدىن يوقاتمىسام، ئۇ مېنى يوقىتىدۇ، دەپ ئويلاپ بالىنى چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ بىر يەرگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ:

— ئەي تاز، مەن كەلگۈچە بىكار ئولتۇرماي ماۋۇ قومدا يىپ ئەش، يىپ بىلەن ئۆلتاڭ كەس، — دەپتۇ. باينىڭ بۇيرۇقى بالىغا ئەزرائىلنىڭ شەپىسىدەك بىلىنىپتۇ.

— بولىدۇ، باي غوجام، — دەپتۇ تاز.

باي كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر نان بىلەن بىر چىنە قايماقنى ئەكېلىپ قويۇپتۇ. كەچ بولغاندا باي قايتىپ كەپتۇ. تاز بولسا، قايماق بىلەن نانىنى باينىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ:

— ماۋۇ نان بىلەن قايماقنى ئاپام سىلىگە ئەۋەتتى. ناننى ئوشتۇماي يېسۇن، قايماقنى بۇزماي ئىچسۇن، دەيدۇ، —

دەپتۇ. باي ئاچچىقى بىلەن:
— ۋاي تاز، ناننى ئۇشتۇماي قانداق يېگىلى، قايماقنى بۇزماي قانداق ئىچكىلى بولسۇن؟ ! — دەپ كايىپ كېتىپتۇ.
مۇشۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغان تاز:
— باي غوجام، قۇم بىلەن يىپ ئەشكىلى، يىپ بىلەن ئۆلتاڭ كەسكىلى بولغان يەردە، نېمىشقا ناننى ئۇشتۇماي يې-گىلى، قايماقنى بۇزماي ئىچكىلى بولمايدىكەن؟ ! — دەپتۇ.
بالىدىن لەت بولغان باي ئاسماندىن يەرگە چۈشكەندەك بولۇپ، ئىمانى قىرىق گەز ئۇچۇپتۇ ۋە بالىغا ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ ئېشىپتۇ.
باينىڭ بەش ياشلىق بالىسى بولۇپ، باينىڭ خوتۇنى ئا-پىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ، بالىسى باينىڭ يېنىدا قالغانىكەن. بىر ئاخشىمى قورسىقى ئاغرىپ ياتالمىغان باينىڭ بالىسى تە-رەت قىلىمەن دەپ جېدەل قىپتۇ. باي تازغا بالىنى تالاغا ئا-چىقىپ تەرەت قىلغۇزۇپ كىرىشنى ئېيتىپتۇ. تاز باينىڭ با-لىسىغا: «تەرەت قىلساڭ، كەينىڭگە بىگىز تىقىمەن» دەپ با-لىنى تەرەت قىلغۇزماي ئەكىرىپتۇ. بالا ئورۇنغا كىرىپ يەنە جېدەل قىلىشقا باشلاپتۇ، باي يەنە تازغا بۇيرۇپتۇ، تاز يەنە تەرەت قىلغۇزماي ئەكىرىپتۇ. بۇ ئىش تۆت - بەش قېتىم تەكرارلىنىپتۇ. ئۇيقۇلۇقتا ئاچچىقىنى باسالمىغان باي:
— هوي تاز، ماۋۇ شۇمنى بېسىقتۇر، — دەپتۇ. باينىڭ ئاغزىدىن مۇشۇنداق بىر گەپنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان تاز باينىڭ بالىسىنى ئېغىلغا ئەكىرىپ توقماق بىلەن بىرنى ئۇرۇپ بېسىقتۇرۇپ، تامغا يۆلەپ، غۇلچىنى كېرىپ قويۇپ يېنىپ كىرىپتۇ.
— بالا قېنى؟ — دەپتۇ باي.
— باي غوجام، غوجىزادىلىرى كىچىك بولغان بىلەن

ئەقلى چوڭ ئىكەن. «ئاتام قېرىپ قالدى، ئاتام ئۆلسە، ماڭا قانچىلىك مىراس قالىدىكىن، ئۆلچەپ باقاي» دەپ تامنى غۇلاچلاپ قالدى. ئېلىپ كىرەي دېسەم، ئۇنىماي تۇرۇۋالدى، — دەپتۇ تاز. بۇ گەپنى ئاڭلاپ باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ، قولىغا كەكىنى ئېلىپ ئېغىلغا يۈگۈرۈپتۇ. تاز شام كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. باي شامنىڭ يورۇقىدا قارىسا، راستتىنلا بالىسى تامنى غۇلاچلاپ تۇرغانىكەن، باي غەزىپىگە پايلىماي: «مانا، ساڭا تېگىدىغان يەر ـ زېمىن» دەپ، بالىسىنىڭ بېشىغا كەكە بىلەن بىرنى قويۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاندىن تازغا:

— سەن بېرىپ گۆر كولا، كۆمىدىغان يەرلىك قۇلىقىڭ بىلەن تەڭ بولسۇن، — دەپتۇ. تاز قەبرىستانلىققا بېرىپ بىر كەتمەن چېپىپ قويۇپ بەخىرامان ئۇخلاپتۇ.

باي ئەتىسى جامائەتنى يىغىپ جەسەتنى يەرلىككە ئېلىپ چىقسا، گۆر تەييار بولمىغانىكەن. باي:



— ھەي تاز، قېنى چاپقان گۆرلوكوك ؟ — دەپتۇ.

— ۋاي باي غوجام، ئۆزلىرى قولىقىڭغا چىنەپ قازغىن دېگەنتىلە، ئۇن قولاق تېرەنلىكتە كولىغۇەتتىم. ئەگەر تېرەن بولۇپ قالغان بولسا، توپا سىيرىپ ئازراق تىندۇرۇۋېتەي، — دەپتۇ تاز. باي خاپىچىلىقتا يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئۆزى گۆر كولاشقا باشلاپتۇ...

شۇنداق قىلىپ، ھەش - پەش دېگۈچە قىرىق كۈن بوپتۇ. نەزىر - چىراغ ئىشلىرى ئۈچۈن ئوتۇن كېرەك بوپتۇ.

— ھوي تاز، سەن ھارۋىنى قوشۇپ جاڭگالغا بېرىپ، بىر ھارۋا يانتاق سۆرىتىپ كەل، — دەپتۇ. باينىڭ مەقسىتى لىق بىر ھارۋا ئوتۇندىن تاشقىرى ھارۋىنىڭ كەينىگە يەنە بىر باغلام يانتاقنى سۆرىتىپ ئەكەلدۈرۈش ئىكەن.

تاز جاڭگالغا بېرىپ ئاتنى ئوتلىغىلى قويۇۋېتىپ، ئۆزى بىر سايە جاينى تېپىپ ئۇخلاپ، كەچ بولغاندا بىر باغلام يانتاقنى سۆرىتىپ قايتىپ كەپتۇ.

— ھەي تاز، ئېلىپ كەلگىنىڭ مۇشۇمۇ؟ — دەپ كايىپ كېتىپتۇ باي. تاز:

— باي غوجام، ھارۋىنىڭ ئارقىسىغا سۆرىتىپ ئەكەل دېمىگەنمىدىلە، مانا سۆرىتىپ ئەكەلدىم، — دەپتۇ. باي غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دەپتۇ.

بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا پادىشاھ ئوردىسىدىن تازنى چاقىرغىلى ئادەم كەپتۇ. تاز بۇ خەۋەردىن ھەيران بولۇپ، ئوردىغا بېرىپتۇ. ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن: پادىشاھ تازغا بىر جۈپ ئاياغ بۇيرۇتقانىكەن. باي تاز تىككەن بىر جۈپ ئاياغنى تىقىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بازاردىن ئادەتتىكى ئاياغدىن بىر جۈپ سېتىۋېلىپ پادىشاھقا ئاپىرىپ بەرگەنىكەن. تازدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن باي ئۇنى پادىشاھ جاللاتلىرىنىڭ قىلىچىغا

يەم قىلىۋېتىش ئۈچۈن مۇشۇ چارىنى قوللانغانىكەن.

تاز شاھ ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. شاھ غەزەپ بىلەن:

— بۇ مەن بۇيرۇغان ئاياغقا ئوخشىمايدىغۇ؟ — دەپ بىر جۈپ ئاياغنى تازنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ. تاز ئۇ ئاياغلارنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس بوپتۇ ۋە بۇ ئاياغلارنىڭ ئۆزى تىككەن ئاياغ ئەمەسلىكىنى ئىزھار قىپتۇ. شاھ باشقا مۇلازىملاردىن سۈرۈشتە قىلغانىكەن، باينىڭ يامان غەرىزى ئاشكارىلىنىپتۇ.

شاھ باينى زىندانغا سېلىپ، پۈتۈن مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىپتۇ. باينىڭ قول ئاستىدىكى چاكارلارمۇ ئازاد بوپتۇ، شۇ قاتاردا تازمۇ ئۆز ئۆيىگە تىنچ - ئامان قايتىپ كەپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ يېرىم يىلدەك بولغاندا، بىر كۈنى بىر گۈندىپاي كېلىپ تازنى زىندانبېگى چاقىرغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ تازنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر غەم - قايغۇغا پېتىپتۇ. تاز ئامالسىز بېرىشقا مەجبۇر بوپتۇ. تاز ھېچنېمىنى چۈشەنمەي، گۈندىخانىغا يېتىپ كەپتۇ، گۈندىخانىدا باي



بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. باي:

— ئەي بالام، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، بۇ پەلەكنىڭ ئىشى. مەن قىلغان گۇناھلىرىمغا توۋا قىلدىم، مانا زىندانبېگى گۇۋاھ بولسۇن. سېنى ئۆز بالامدەك كۆرۈپ چاقىرتتىم. ئايالىم بىلمەيدىغان مىڭ تىللا پۇلنى ئېتىز چېتىدىكى بىر تۈپ سېدە تۇۋىگە كۆمۈپ قويغانىدىم. سەن بېرىپ ئۇ پۇلنى ئېلىپ يۈز تىللانى زىندانبېگىگە، ئون تىللانى سېنى چاقىرىپ كەلگەن گۇندىپايغا بەر، ئۈچ يۈز توقسان تىللانى سەن ئالغىن، قالغان بەش يۈز تىللانى مەن كېيىنكى ئوقەتتىم ئۈچۈن دەسمايە قىلاي، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تاز باينىڭ بىر يامان غەرىزى بارلىقىنى سېزىپتۇ، لېكىن چاندۇرماي پۇلنى ئېلىپ، باينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يۈز تىللانى زىندانبېگىگە، ئون تىللانى گۇندىپايغا بېرىپتۇ ۋە يېرىم كېچە بىلەن باينى زىنداندىن ئاچىقىپتۇ. باي تازغا: «ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن رەھمەت» دەپ ئۆيىگە كېتىپتۇ. تاز باينىڭ يەنە نېمە ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، باينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ تۈڭلۈك تۈۋىدە يېتىپتۇ. كېچىدە باي خوتۇنىغا:

— ئەتە تازنى تۇتىدۇ. زىندانبېگى ئۇ يەردە بىر جەللادنى ئۆلتۈرۈپ، بىر گۇندىپاينىڭ كىيىمىنى كىيگۈزۈپ قويماقچى، پادىشاھقا، ھېلىقى تاز موزدۇز كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان گۇندىپاينى ئۆلتۈرۈپ باينى ئېلىپ قېچىپتۇ، دەپ مەلۇم قىلماقچى، — دەپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە باي بىلەن خوتۇنى ئىككى تاغارغا قويماق سېلىپ تالاغا ئاچىقىپتۇ. ئۇلار ئۆيدىكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا كىرىپ كەتكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ تاز تاغاردىكى قويماقنىڭ يېرىمىنى ئېلىۋېلىپ، ئىچىگە كىرىپ يېتىۋاپتۇ. ئۇلار ئالدىراش ئىككى تاغارنى ئىككى ئېشەككە

ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. يېرىم كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن، باي خوتۇنىغا:
— ئەجەب قۇتۇلدۇق تازدىن. ئۇ هازىر مېنىڭ ئورنۇمدا زىندانداۋ ياتقاندۇ، — دەپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلارغا: «قۇتۇلمىغايسەن مەن تازدىن» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. باي چۆچۈپ كېتىپتۇ.
— هوي دادىسى، تاز بىرنەچچە يىل بىزنىڭ ئۆيدە تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلاققا سىڭىپ قالغان، شۇڭا بىزگە شۇ تونۇش ئاۋاز ئاڭلانغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ باينىڭ خوتۇنى.
— ئۇ تازنىڭ جېنى شۇنداق مەھكەم ئىكەنكى، بىر قېتىم مەن ئۇنى ئىرغاي توقماق بىلەن ئۇرسام، توقماق چىدىماي ئۇزۇلۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ روهى بىز بىلەن بىرگە كېلىۋاتامدۇ يا؟ — دەپتۇ باي.
ئۇلار بىر يەرگە كېلىپ تاماق يېمەكچى بوپتۇ. تاغارنى ئېشەكتىن چۈشۈرۈپ ئەمدى چاي ئىچەيلى دەپ تۇرغاندا، تازنىڭ كىچىك تەرىتى قىستاپ كېتىپ تاغارنىڭ ئىچىگە سىيىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باي دەرهال چاي ئىچمەكچى بولۇپ تۇرغان چىنىسىنى سىرغىپ چىقىۋاتقان سۇيۇقلۇققا تۇتۇپ، هاۋانىڭ ئىسسىقىدا قۇيماقنىڭ يېغى ئېرىپ كەتكىلى تۇردى، دەپ ھېلىقى چىنىدىكى ياغنى قاپىقىغا قۇيۇۋاپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە ئۇلار بىر دەرياغا يېقىن يەردە توختاپتۇ ۋە يۈك - تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ قونماقچى بوپتۇ. باي يەنە ئۆز - ئۆزىگە: «ئەجەب قۇتۇلدىما بۇ تازدىن» دەپتۇ. شۇ چاغدا تاغارنىڭ ئىچىدىن: «قۇتۇلمىغايسەن مەن تازدىن» دېگەن ھېلىقى سادا ئاڭلىنىپتۇ. هەيران بولغان باي تاغارنى ئېچىپ قارىسا، تاغاردا تاز ياتقۇدەك. باي بىلەن خوتۇنى هاڭ - تاڭ بولۇپ قې-

تىپلا قاپتۇ. تاز تاغاردىن چىقىپتۇ. باي ھېچ نەرسە بولمىغاندەك، چاندۇرماي:

— سېنىڭ ماڭا بولغان ساداقىتىڭنى ئەمدى چۈشەندىم. بىزنى يالغۇز قويماي ھەمراھ بولۇپ بىرگە كەپسەن، بەرگەن تۇزۇمنى ئاقلاپسەن، — دەپ ماختاپتۇ.

كەچتە ياتار چاغدا باينىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. تاز بۇلارنىڭ يامان غەرىزىنى پەملەپتۇ. باينىڭ خوتۇنى ئورۇن ساپتۇ، دەريا تەرەپكە بالىغا ئورۇن ساپتۇ، ئۇنىڭ يېنىغا بايغا، نېرى چەتكە ئۆزىگە ئورۇن ساپتۇ. ئۇزۇن يول مېڭىپ چارچىغان باي بىلەن خوتۇنى قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شۇ چاغدا تاز ئۆزىنىڭ ئورنىغا باينىڭ خوتۇنىنى كۆتۈرۈپ ئەكېلىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئورنىدا يېتىۋاپتۇ. يېرىم كېچىدىن ئاشقان چاغدا باي ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، چەتتە ياتقان خوتۇنىنى يوتقانغا يۆگەپ



ئاپىرىپ دەرياغا تاشلىۋېتىپ، ئۆزى ھېچ نەرسە بىلمىگەن قىياپەتتە ئورنىدا يېتىۋاپتۇ. ئەتىسى باي خوتۇنىنى ئويغاتماقچى بولۇپ قارىسا، خوتۇنى يوق تۇرغۇدەك. باي ھەيران بولۇپ ئەتراپىغا قارىسا، تاز يىراقتا بىر توپ قوينى ھەيدەپ يۈرگۈدەك. مال - دۇنيا دېسە ھەممىنى ئۇنتۇيدىغان ئاچ كۆز باي تازنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. تاز ئەسلىدە سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ بىر پادىچى بالىنىڭ قويلىرىنى بېقىشىپ بېرىۋاتقانىكەن. باي:

— بۇ قويلارنى نەدىن تاپتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كېچىدە مېنى دەرياغا تاشلىۋەتكەنىدىلە، سۇنىڭ تەكتىدە قوي دېگەننىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىكەن، شۇنىڭدىن ئازراق ئالغاچ چىققانىدىم، — دەپتۇ تاز.

— قېنى ئۇ قويلار؟ — دەپتۇ باي بويىنىنى سوزۇپ. تاز قويلارنى دەريا بويىغا ھەيدەپ ئاپىرىپ، قويلارنىڭ سۇدىكى شولىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— باي غوجام، كۆرمەيۋاتامىلا؟ ئەنە تۇرمامدۇ، — دەپتۇ.

باي قارىغۇدەك بولسا، راستىنلا سۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن قوي تۇرغۇدەك. ئاچ كۆز باي دەريا ئاستىغا چۈشمەكچى بوپتۇ، يەنە ئىككىلىنىپ توختاپ قاپتۇ.

— ئەگەر قورقۇۋاتقان بولسىلا، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، مەن: «ماڭ» دېگەندە ماڭسىلا، «ئاچ» دېگەندە كۆزلىرىنى ئاچسىلا، — دېگەنىكەن، باي دەرياغا قاراپ كۆزىنى يۇمۇپ مېڭىۋېرىپ دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنى بىر قاينام يۇتۇپ كېتىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئورنىنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشەر» دېگەن سۆز ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# ئەقىللىق كېلىن

ئۆتكەن زاماندا بىر باي ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئەقىللىق هەم سېخىي ئىكەن. ئۇ كۆۋرۈك سېلىش، كۆل چاپتۇرۇش، يېتىم - يېسىرلارغا خەير - ئېهسان قىلىش قاتارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىدىكەن. باينىڭ بىرلا ئوغلى بار بولۇپ، ئەقىلسىز ئىكەن، باي بۇنىڭغا قاتتىق ئېچىنىدىكەن هەم ئوغلىغا ئەقىللىق بىر قىزنىڭ نېسىپ بولۇشىنى هەر كۈنى نامىزىدا خۇدادىن تىلەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە باي ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، سەن بۇ يۈز قوينى ئۈچ قېتىم سېتىپ كەل، — دەپ شەهەرگە يولغا ساپتۇ. باينىڭ ئوغلى قويلارنى شەهەرگە ئاپىرىپ بىر قاسساپقا ساتماقچى بولۇپ، قاسساپتىن پۇلنى ئېلىۋېلىپلا قويلارنى بەرگىلى ئۇنىماي:

— دادام ماڭا بۇ قويلارنى ئۈچ قېتىم سات دېگەن، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئاچچىقى كەلگەن قاسساپ يىگىتنى قازىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئەهۋالنى بايان قىپتۇ. قازى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— قانداق مۇتتەهەم نېمىسەن؟! قوينى ئۈچ قېتىم ساتقان نەدە بار؟! — دەپ غەزەپلىنىپ، قويلارنى قاسساپقا ئېلىپ بېرىپتۇ. باينىڭ ئوغلى قويلىرىدىن ئايرىلىپ نېمە قىلارىنى

بىلمەي بىر كونا راۋاقنىڭ تۈۋىدە مۈگدىنىپ ئولتۇرسا، بىر ساھىبجامال قىز كەپتۇ. ئۇ قازىنىڭ قىزى بولۇپ، بايا بولغان ۋەقەلەرنى دادىسىدىن ئاڭلاپ يىگىتكە ئىچ ئاغرىتىپ كەلگەنىكەن. قىز يىگىتكە:

— يىگىت، غەم قىلما، ئەتە قوي ساتقان پۇللارنى ئېلىپ قازىخانىغا بارغىن، — دەپلا كېتىپ قاپتۇ. قىز ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، دادىسىغا: «ئەتە بىر كۆنلۈك قازىلىقنى ماڭا بەرسىڭىز» دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. قازى ئارزۇلۇق قىزىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي ماقۇل بوپتۇ. ئەتىسى يىگىت پۇللارنى ئېلىپ قازىخانىغا كەلسە، ھېلىقى قىز قازىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇدەك، يىگىت تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ. قىز قاساپنىمۇ چاقىرىپ كېلىپ، يۈز قوينى قايتۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. قاساپ نائىلاج قويلارنى ئەكېلىپ بېرىپ پۇلنى قايتۇرۇۋاپتۇ. لېكىن، يىگىتنىڭ قايغۇسى بېسىلماي:

— دادام بۇ قويلارنى ئۈچ قېتىم سات دېگەنىدى، مەن بىر قېتىممۇ ساتالمىدىم، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن؟ — دەپ مۈگدىنىپتۇ. قىز يىگىتكە يول كۆرسىتىپ:

— سەن قويلارنى پالانى يايلاققا ئاپىرىپ باققىن. ئالدى بىلەن قويلىرىڭنىڭ قىغىنى بىرەر دېھقانغا ساتقىن، ئاندىن يۇڭىنى بازارغا ئاپىرىپ سات. قويلىرىڭنى بولسا، ياخشى بېقىپ راسا سەمرىگەندە ساتقىن. شۇنداق قىلساڭ، ئۈچ قېتىم ساتقان بولىسەن، — دەپتۇ. يىگىت قىزنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ. ئۇ نۇرغۇن پۇلنى ئەكېلىپ دادىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپتىكەن، دادىسى ھەيران بولۇپ:

— ئوغلۇم، بۇ پۇللارنى قەيەردىن تاپتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت:

— ئالدى بىلەن قوينىڭ قىغىنى ساتتىم، ئاندىن

يوڭلىرىنى ساتتىم، ئاخىردا قويلارنى ساتتىم، — دەپ، بولغان ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى دادىسىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. باي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭۈلدىكىدەك قىز تېپىلغانلىقىدىن دىلى يايراپ، ئۇ قىزنى ئۆزىگە كېلىن قىلىشۋالماقچى بولۇپ قازىغا نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. قازى باينىڭ ھۆرمەتلىك كىشى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، قىزىنى بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە باي كېلىنىنى سىنىماقچى بولۇپ، ئوغلىنى ئېلىپ سەپەرگە چىقىپتۇ - دە، يول يېرىم بولغاندا، ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، سەن ئۆيگە بېرىپ ئىككى بېشى بار ئاتتىن بىرنى ئېلىپ كەل، — دەپ ئوغلىنى ياندۇرۇپتۇ. يىگىت ئۆيگە كېلىپ ئىككى بېشى بار ئات تاپالماي، ئىككى ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى چېتىپ بېقىپتۇ، قاملاشماپتۇ. ئۇنىڭ بېشى قېتىپتۇ.

— ئېغىلدىكى بوغاز بايتالنى ئېلىپ بېرىڭ، — دەپتۇ ئايالى ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا كۈلۈپ، — ئىككى بېشى بار دېگەن مانا شۇ.

يىگىت ئاتنى ئېلىپ دادىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ راست گەپنى ئېيتىپتۇ. باي كېلىنىنىڭ ئەقلىگە تېخىمۇ قايىل بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە باي بەش يۈز قوينى ئون بەش كۈنلۈك يىراقتىكى بىر شەھەرگە ئاپىرىپ نۇرغۇن پۇلغا سېتىپ، تەڭگە - تىللالارنى خۇرجۇنغا قاچىلاپ قايتىپتۇ. ئۇ بىر چۆلدە كېلىۋاتسا، ئالدىدىن قىرىق قاراقچى چىقىپ ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. چەمبەرچاس باغلانغان باي قىلىچ ئاستىدا ئەلەملىك يىغلاپتۇ، ئارقىدىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. قاراقچىلار

ھەيران بولۇشۇپ:

— نېمىگە يىغلاپ، نېمىگە كۈلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بىئەجەل نامۇ نىشانسىز ئۆلۈپ كېتىشىمگە يىغلايمەن، يەنە سىلەرنىڭ ئەخمەقلىقىڭلارغا كۈلىمەن، چۈنكى ئۆيۈمدە ھېسابسىز بايلىقىم بار. سىلەر مېنى ھازىر ئۆلتۈرسەڭلار ناھايىتى ئاز نەرسىگە ئېرىشكەن بولىسىلەر، — دەپتۇ باي. قاراقچىلار:

— بىز سېنىڭ ئۆيۈڭنى قانداق تاپىمىز؟ — دەپتۇ.

— مەن سىلەرگە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ دەپ بېرىمەن ھەمدە كېلىنىمگە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بېرىمەن. خەتنى ئېلىپ بارساڭلار، تەلىپىڭلار ھەل بولىدۇ. بىراق، بىر شەرتىم: سىلەر ئاشۇ مال - دۇنيالار كەلمىگۈچە، مېنى ئۆلتۈرمەيسىلەر، — دەپتۇ باي. قاراقچىلار ماقۇل بوپتۇ.

باي مەكتۇپنى مۇنداق يېزىپتۇ: «ئۆيۈمدىكى قىرىق بۇغرامنى، قىرىق ھىنگانىمنى، قىرىق ئۇچقۇر ئېتىمنى، قىرىق سەركەمنى، بىلەينى ئېلىپ كېلىڭ، گال پالتامنى تاشلاپ كېلىڭ. ئىشىك ئالدىدىكى بىر جۈپ قاپاق تېرەكنىڭ بىرىنى كېسىۋېتىپ كېلىڭ، بېشىمغا مىڭ كۈلپەت ياغدى».

ئىككى قاراقچى باينىڭ ئۆيىگە كېلىپ مەكتۇپنى كېلىنىگە بېرىپتۇ. قىز مەكتۇپنى كۆرۈپ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، قاراقچىلارنى پەم بىلەن ئۆيىگە باشلاپ ئەكىرىپ قاماپ قويۇپتۇ. قىز مەكتۇپنى قايتا - قايتا ئوقۇپ، خەتتىكى قىرىق بۇغرا تۆگە دېگىنى قىرىق نەپەر ئوتتۇرا ياشلىق كىشى، قىرىق ھىنگان دېگىنى قىرىق نەپەر مۆتىۋەر، قىرىق ئۇچقۇر ئات دېگىنى قىرىق چەۋەنداز يىگىت، قىرىق سەركە دېگىنى قىرىق پالۋان يىگىت، بىلەي دېگىنى مەن، گال پالتا دېگىنى ئېرىم، بىر جۈپ تېرەك چوقۇم ئىككى قاراقچى، دەپ چۈشىنىپ يۇرت -

جامائەتنى يىغىپتۇ ۋە:

— قېرىنداشلار، باي دادام قاراقچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. باي دادامنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سىلەردىن ياردەم سوراپ بۇ يەرگە چاقىردىم. باي دادام ئىككى قاراقچىدىن مەكتۇپ ئەۋەتىپتۇ. مەكتۇپنى ئېلىپ كەلگەن قاراقچىلارنى قاماپ قويدۇم، — دەپ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

جامائەت قىزنىڭ دانالىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ئۇلار شۇ ئاخشىمى قاراقچىلارنىڭ بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بىرىنى يول باشلىتىپ، يەتتە كۈندە قاراقچىلارنىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بېرىپ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، قاراقچىلارنىڭ ھەممىسىنى جەھەننەمگە ئۇزىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باي قاراقچىلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. باي كېلىنىنى ئاتىلارچە باغرىغا بېسىپتۇ، يۇرتداشلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ئۆز تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈپتۇ. باي ئۆزىنىڭ تەڭگە - تىللالىرىنى ئۇلارغا سەدىقە قىپتۇ.



# ئەقىللىق دېھقان

بۇرۇنقى زاماندا بىر يۇرتتا ناھايىتى نامرات بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇ يىل بويى كىشىلەر ئىشىكىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيدىكەن. ئاخىر ئۇ يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىگە چىدىماي داد ئېيتىپ پادىشاھ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى قوبۇل قىلىپ:

— نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن يەيدىغانغا نېنىم يوق، كېيىدىغانغا كىيىمىم يوق نامرات بىر بىچارىمەن، — دەپتۇ دېھقان

پادىشاھ:

— بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟ نېمە تەلىپىڭ بار؟ — دەپتۇ. دېھقان:

— مېنىڭ تەلىپىم يۇقىرى ئەمەس. قولۇمغا يارلىق يېزىپ بەرسىلە، يۇرتۇمدىكى بەگلىرىم ماڭا كالا تېرىسىچىلىك بىر پارچە يەر، بىر چېلەك سۇ بەرسە، ئۇنىڭدىن باشقا سىلىگە دەيدىغان تەلىپىم يوق، پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ.

پادىشاھ، مەندەك بىر پادىشاھ ئۈچۈن، كالا تېرىسىچىلىك بىر پارچە يەر، بىر چېلەك سۇغا يارلىق چۈشۈرۈش قانچىلىك ئىشتى، دەپتۇ - دە، بىر پارچە يارلىق يېزىپ، مۆھرىنى بېسىپ دېھقاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. دېھقان تەزىم ۋە بىرمۇنـ

چە رەھمەت ـ ھەشقاللا بىلەن ئورددىن كەينىچە مىڭىپ چىد-
قىپ كېتىپتۇ.

دېھقان ئورددىن چىققاندىن كېيىن، ئاۋۋال بىر پارچە كالا تېرىسى ۋە بىر دانە چېلەك سېتىۋاپتۇ، ئاندىن كالا تې-
رىسىنى ناھايىتى ئىنچىكە تاسما قىلىپ تىلىپتۇ، چېلەكنىڭ تۈۋىنى ئېلىۋېتىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، بەگنىڭ ئالدىغا پادى-
شاھنىڭ يارلىقىنى كۆتۈرۈپ بېرىپتۇ. بەگ يارلىقنى قولىغا ئېلىپ قاراپ باقسا: «تەۋەيىڭلاردىكى بۇ دېھقانغا كالا تېرىسى چوڭلۇقىدا يەر، بىر چېلەك سۇ بېرىڭلار» دېگەن يارلىق ئى-
كەن. شۇنىڭ بىلەن بەگ دېھقاننى باشلاپ ئېتىزلىققا بېرىپتۇ.

دېھقان تاسمىنى چۇۋۇپ بىر ئايلاندۇرغانىكەن، ئون بەش تاناپ يەرگە يېتىپتۇ. دېھقان بەگنى يەنە ئۆستەڭ يېنىغا بې-
رىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار ئۆستەڭنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن، تۈۋى يوق چېلەكنى ئۆستەڭگە قويۇپ ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى بۆككەنىكەن، ئېرىققا بىر تاشلىق سۇ چىقىپتۇ. بەگ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، پادىشاھنىڭ دېھقانغا ئالدانغانلىقىنى سېزىپتۇ. يەر بىلەن سۇنى بەرمەي دېسە، پادىشاھنىڭ يارلىقى بار، شۇنىڭ بىلەن ئىلاجسىز يەر بىلەن سۇنى دېھقانغا بۆلۈپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ دېھقان ئالۋان ـ سېلىق، زاكاتتىن خالىي بوپتۇ. تۈۋى يوق چېلەكتىن چىققان سۇ يىل بويى دېھقاننىڭ ئېتىزىغا ئېقىپ، بىر ئۆمۈر غەمسىز ياشاپتۇ.

# چاقىقان ئوغرىنىڭ ۋەزىر بولۇشى

ئۆتكەن زاماندا بىر ئادەم ئۆمرىنى ئوغرىلىق بىلەن ئۆتـ-كۈزۈپتۇ. ئۇ قېرىغان چاغدا ئوغرىلىق ھۈنىرىنى ئوغلىغا قالدۇرۇش يولىدا كۆپ ئەجىر قىپتۇ، ئوغلى ئۆگەنگىنىنى داۋراڭ سالماپتۇ. بۇنى سەزمىگەن قېرى ئوغرى ئوغلىغا:

— مەن ئۈچ يىلدىن بېرى سېنىڭ بىلەن ھەپىلىشىۋاتىـ-مەن، سېنى تۈزۈكرەك كەسىپ ئەھلى قىلالمىدىم. مەن سېـ-غىزغاننىڭ بېسىپ ياتقان تۇخۇمىنى تۇيدۇرماستىن ئوغرىـ-لىۋالالايمەن، — دەپ كايىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، بۇ ھۈنىرىڭىزنىمۇ كۆرۈۋالاي، — دەپتۇ ئوغلى.

شۇنداق قىلىپ، ئاتا - بالا بىر جاڭگاللىققا بېرىپتۇ. ئۇلار قۇچاق يەتمەس بىر چوڭ چىنارنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن شېخىدا سېغىزغاننىڭ ئۇۋىسىنى، ئۇۋىدا بىر سېغىزغاننىڭ تۇخۇم بېسىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئوغرى دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ، قولىنى ئۇۋىغا سايتۇ، سېغىزغان تۇيماستىن جىم يېتىۋېرىپتۇ. ئوغرىنىڭ بالىسىمۇ بوش كەلمەپتۇ، ئوغرى دە-رەخكە ياماشقاندا بالىسى دادىسىنىڭ ئۆتۈكىنىڭ چەمىنى سۆ-كۈپ ئېلىۋېتىپ پېتىكىنى چىقىرىۋاپتۇ - دە، بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئوغرى ئىشنى تۈگىتىپ، دەرەختىن چۈشۈپتۇ

ۋە تۇخۇمنى بالىسىغا كۆرسىتىپ:

— كۆردۈڭمۇ، سىغىرغان سەزمىدى، — دەپتۇ.

— ئۆزۈڭچۇ؟ ئۆتۈكۈڭگە قاراپ باققىنا ! — دەپتۇ ئوغلى پاراقلاپ كۈلۈپ. دادىسى شۇ چاغدا بالىسىنىڭ ئۆز ئۆتۈكىنىڭ چەمىنى سۆكۈپ، پىتىكنى چىقىرىۋالغانلىقىنى بىلىپتۇ.

— ئوغرىلىقتا مېنىڭدىنمۇ ئۆتۈپ كېتىپسەن، — دەپ بالىسىدىن بەك خۇشال بوپتۇ ئوغرى، — ئەمدى ئۆز كۈنۈڭ-نى ئۆزۈڭ ئېلىپ، ئۆز بەختىڭنى ئۆزۈڭ تاپقىن.

شۇنداق قىلىپ، قېرى ئوغرى بالىسىغا رازىلىق بېرىپتۇ ۋە سەپەرگە ئاتلاندۇرۇپتۇ. بالىسى كېچەيۇ كۈندۈز يول يۈرۈپ-تۇ، تاغلار ئېشىپ، چۆللەر كېزىپتۇ، چىغىر يوللاردىن ئۆ-تۈپ، چوڭ يولغا چىقىپتۇ. شۇ چاغدا بىر ئادەم بىر ئوغلاق-لىق ئۆچكىنى يېتىلەپ شەھەر تەرەپكە كېتىپ بارغانىكەن. بالا ئوغرىنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ، ئىشنى مۇشۇ يەر-



دىن باشلىماقچى بوپتۇ. ئوغرى ماراپ بېرىپ ئوغلاقنى تۇتۇۋاپتۇ. هېلىقى ئادەم بۇنى تۇيماستىن كېتىۋېرىپتۇ، بىر يەرلەرگە بېرىپ ئارقىسىغا قاراپتۇ، ئوغلاقنىڭ ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن هەيران بوپتۇ ـ دە، ئۆچكىسىنى يول ياقىسىغا باغلاپ قويۇپ، ئوغلاقنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. بۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئوغرى چاققانلىق بىلەن ئۆچكىنىمۇ ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. ئوغلاقنى ئىزدەپ هېچ يەردىن تاپالماي، هېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن هېلىقى ئادەم ئۆچكىسىنىڭمۇ يوقالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيۋاتقان بۇ ئادەم: «يا پەرۋەردىگارا، بۇ قانداق ئېزىتقۇ» دەپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. دەريادىن ئۇ قاتقا ئۆتۈۋالغان ئوغرى ئۆچكىچىلەپ ئۈچ قېتىم مەرەپتۇ. هېلىقى ئادەم، ئۆچكەم دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈۋاپتۇ ـ دە، دەپ ئويلاپ، كىيىملىرىنى دەريانىڭ قىرغىقىغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزىنى سۇغا تاشلاپتۇ ۋە ئۇ قاتقا ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ. هېلىقى ئۆچكىنىڭ ئىگىسى ئۇ قاتقا ئۆتكۈچە ئوغرى بۇ قاتقا ئۆتۈۋېلىپ، ئۇنىڭ قىرغاقتىكى كىيىملىرىنى ئېلىۋېلىپ، يول ئەتراپىدىكى دەرەخلىككە كىرىپ كېتىپتۇ. هېلىقى ئادەم بۇنىڭدىن خەۋەرسىز نە ئۆچكىسىنى، نە ئوغلىقىنى ئىزدەپ تاپالماپتۇ. بىرھازادىن كېيىن ئۈمىدسىز هالدا بۇ قاتقا ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ، لېكىن كىيىملىرىنى تاپالماپتۇ ۋە قىپيالىڭاچ بولۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدىلا بۇنىڭ ئوغرى قىلىۋاتقان هىيلە ئىكەنلىكىنى بىلىپ زارلىنىپتۇ هەم ئوغرىنى قارغاپتۇ.

شۇ چاغدا يىراقتىن تۆگە كارۋىنى يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار مۇشۇ ئەتراپتا تۆگىلەرنى باققاچ تۈنىمەكچى بوپتۇ. يالىڭاچ قالغان ئادەم ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بۇ يەردىن چاپسان كېتىڭلار، بۇ يەر خەتەرلىككەن، بۇ يەرنىڭ ئوغرىسى كۆرۈنمەيدىكەن، ئەمما هېچنېمىنى قوي-

مايدىكەن، مېنى قىپيالىڭاچ قىلىپ قويدى، سىلەرنىمۇ ئامان قويمايدۇ، — دەپتۇ.

— بىزگە ئوغرى يېقىن يولىيالمايدۇ، — دەپ كۈلۈشۈپ-تۇ كارۋانچىلار، — كۆزەتچىلىرىمىز بار.

كارۋانچىلار تۆگىلەردىكى يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ بىر يەرگە توپلاپتۇ، ئىككى كۆزەتچىنى قارىتىپ، قالغىنى ئارام ئاپتۇ. كۆزەتچىلەر گۈلخان يېقىپ، گۈلخان يېنىدا ئولتۇرۇپ ئوغرىنى پايلاپتۇ. تۈن ئاۋۇغاندا:

— ئوغرى كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ بىر كۆزەتچى.

— ياق، كېلىپ قالىدۇ، — دەپتۇ يەنە بىر كۆزەتچى.

شۇنداق قىلىپ، بىرى: «كېلىدۇ»، بىرى: «كەلمەيدۇ» دەپ تالىشىپتۇ، دەتالاش تازا ئاۋۇغاندا، ئوغرى ئۇلارنىڭ يېنىغا تۈيدۇرماي كېلىۋاپتۇ، گۈلخاننىڭ ئوتى سۇسلىشىپ «لىپ» قىلىپ ئۆچكەندە، بىر كۆزەتچىنىڭ كۆزىنى تاياق بىلەن نو-قۇۋاپتۇ. كۆزەتچى: «سەن تېخى مېنىڭ كۆزۈمگە ئۇرامسەن» دېگىنىچە شېرىكىنى راسا مۇشتلاپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە ئېسىلىپ پومداقلىشىپ كېتىپتۇ. كارۋانچىلار ئۇلارنىڭ ئەن-سىز ۋارقىراشلىرىدىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ ۋە ئوغرىنى تۇ-تۇۋالغان ئوخشايدۇ، دەپ گۈلخاننىڭ يېنىغا كەپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، بىرى بىرىنى بېسىۋېلىپ مۇشتلاۋاتقۇدەك. كارۋانچىلار ئوغرى تۇتۇلۇپتۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزلىرىنى ئېتىپتۇ. قاراڭغۇدا ئوغرى قايسى، كۆزەتچى قايسى پەرق قىل-مايلا راسا مۇشتلىشىپتۇ، «ئوغرىنى تۇت، ئوغرىنى ئۇر» دەپ ۋارقىرىشىپتۇ، قولىغا نېمە چىقسا، بىر - بىرىنى شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇۋېتۇ.

ئوغرى بۇلارنى ھەللەيلىكۈنگە سېلىپ قويۇپ، ھەممە تۆ-گىلەرنى بىر يارلىققا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ.

تاڭ يورۇغاندا كارۋانچىلار ئەس ـ ھوشىنى يىغىپتۇ. قا-
رىغۇدەك بولسا، قاراڭغۇدا ئۆزلىرى بىر ـ بىرلىرىنى ئۇرۇ-
شۇپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى كۆكەرتىپ، يىرىشقان، ئارىسىدا
ئوغرى تۇرماق، شەيتانمۇ كۆرۈنمەپتۇ، ئەتراپتا بىرمۇ تۆگە
يوق. ئۇلار ئوغرىدىن تۆگىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن چوڭ يول
بويلاپ قوغلاپتۇ، شۇ قوغلىغانچە ئۇزاقلارغا كېتىپتۇ.

ئوغرى كارۋانچىلارنىڭ يىراق كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلى-
نىپ مال ـ دۇنيالارنى تۆگىلەرگە ئارتىپ، باشقا بىر يول
بىلەن كېتىپتۇ. ئۇ شۇ ئەتراپتىكى شەھەرگە بېرىپ، مال ۋە تۆ-
گىلەرنى قويماي سېتىۋېتىپتۇ ۋە بىر سارايغا ئورۇنلىشىپتۇ.

ئوغرى شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ، كىشىلەر توپلاشقان
سورۇنلاردىن شەھەر پادىشاھى توغرىسىدا جىق گەپلەرنى
ئاڭلاپتۇ، ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى-
مۇ بىلىپ بوپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ شۇنچە قىممەت باھا مال ـ
دۇنيالىرىنىڭ ئىچىدە بىر ئالتۇن توشقان بارلىقىنى ئاڭلاپتۇ.
ئالتۇن توشقاننى پادىشاھنىڭ قەيەردە ساقلايدىغانلىقىنى ھېچ-
كىم دەپ بېرەلمەپتۇ. ئۇ ئاخىر ئۆزى بىلمەكچى بوپتۇ ـ دە،
ھېچكىمگە تۇيدۇرماي پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىۋاپتۇ. تۈن
ئاۋۇغاندا، پادىشاھ ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ:

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، بىخۇدلۇق قىلمىغايلا، ئالتۇن توش-
قاننى ئوغرى ئېلىپ كەتتى، — دەپ بولۇپلا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ.
پادىشاھ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ:

— ھەي خوتۇن، ئالتۇن توشقان راست ئوغرىلاندىمۇ؟ —
دەپتۇ.

خانىش بېشىغا قويغان بىرقانچە مامۇق ياستۇقنى كۆتۈر-
گەنىكەن، ئالتۇن توشقان شۇ يېتى پارقىراپ تۇرغۇدەك. پادى-
شاھ كۆڭلى ئارام تېپىپ، يېتىپ قاپتۇ. ئوغرى ئالتۇن توش-

قانىنىڭ بار يېرىنى بىلىۋېلىپ قايتىپتۇ. ئەتىسى كەچتە ئوغرى ئۇ ئالتۇن توشقاننى ھېچقانداق شەپە چىقارماي ئوغرىلىۋاپتۇ.

ئالتۇن توشقاننى قولدىن چىقىرىپ قويغان پادىشاھ دەرغەزەپكە كەپتۇ، ئامال قىلىپ ئوغرىنى تۇتۇشقا قەسەم قىپتۇ. ئۇ تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر خالتا تىللانى تۆكۈپتۇ، ياساۋۇللىرىنى پۇقراچە كىيىندۇرۇپ، ئۇنى كۆزىتىشكە قويۇپتۇ، بىرەر تال تىللانى ئېلىشقا ئېڭىشكەن ھەرقانداق ئادەمنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەمر قىپتۇ. ئوغرى پادىشاھنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ، «خۇدايىم بەرسە، پەيغەمبەر غىلىڭ قىلالماپتۇ» دېگەندەك، پادىشاھ خالتىلاپ تىللا ئەكېلىپ بەرسە، جېسەكچىلىرىنىڭ نېمە ئامالى بار، دەپتۇ ـ دە، سۇ توشۇغۇچى بولۇۋاپتۇ، ئىككى قولىغا ئىككى چېلەكنى ئاپتۇ، ئىككى تاپىنىغا سېغىز لايىنى سۇركەپتۇ، جېسەكچىلەرنىڭ ئالدىدىن سۇ توشۇغان بولۇپ، ئۇياقتىن – بۇياققا ئۆتۈۋېرىپتۇ. جېسەكچىلەر بىر ـ بىرىگە: «قاراڭلار، بۇ تازا ئاق كۆڭۈل، توغرا ئادەمكەن، قولىدىن چېلەكنى چۈشۈرمەي سۇ توشۇۋاتىدۇ، چېچىلىپ ياتقان تىللالارغا قاراپمۇ قويمىدى» دېيىشىپتۇ.

ئوغرى ئۇياققا ئۆتكىنىدىمۇ، بۇياققا ئۆتكىنىدىمۇ چاندۇرماستىن تىللالارنى دەسسەپ، تاپىنىدىكى سېغىز لايغا چاپلاشتۇرۇۋېلىپ، ھەممە تىللانى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئەل ئايىغى بېسىققاندىلا جېسەكچىلەر تىللالارنىڭ ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى بىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ، جېسەكچىلەرنى زىندانغا تاشلاشقا ئەمر قىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر خالتا ئالتۇننى خالتا بىلەنلا تىكلەپ قويۇشنى ۋە يولنىڭ ئىككى چېتىگە جېسەكچى قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. ئالتۇننى خالتىسى بىلەن ئېلىۋېلىش ئاسان ئەمەستۇ، دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ.

ئوغرى بازاردىن بىر ئاق بوز ئاتنى سېتىۋاپتۇ ـ دە، بىر تەرىپىنى قاپقارا قىلىپ بوياپتۇ. ئۇنى مىنىپ قويۇنىدەك چېپىپ كېلىپ، ئالتۇننى خالتىسى بىلەنلا ئېلىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. غەزەپكە كەلگەن پادىشاھ:

— ھارام يېگۈر نان قېپىلار، ئالدىدىن ئۆتكەن ئوغرىنىمۇ تۇتالمىغىنىنى، قانداق ئات مىنىپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بەزى جېسەكچىلەر ئاق بوز ئات دېسە، بەزىلىرى قارا ئات مىنىپتۇ، دەپتۇ. پادىشاھنىڭ سەپراسى تېخىمۇ ئۆرلەپتۇ.

— سەنلەر ئوغرى بىلەن بىرلىشىپ، مېنى ئەخمەق قىلىغۇدەك بولۇشتۇڭمۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ ۋە ھەممە جېسەكچىلەرنى جازالاشقا ئەمر قىپتۇ. پادىشاھقا ئوغرىنى تۇتالمىغانلىقى ئەلەم بوپتۇ. ئوغرىنىڭ چېچەنلىكى ئەتراپقا پۇر كېتىپتۇ.

كۈنلەر كەينىدىن كۈنلەر ئۆتۈپ، ۋەسۋەسىچىلىك بىر ئاز بېسىقىپتۇ. ئوغرىمۇ شەھەرنى سەيلە قىپتۇ. شۇ كۈنى پادىشاھنىڭ قىزى شەھەر سەيلىسىگە چىققان كۈن ئىكەن. ئوغرى پادىشاھنىڭ قىزىنى نۆرغۇن كېنىزەكلەر بىلەن چارباغدىن چىقىۋاتقاندا كۆرۈپ قاپتۇ. قىزنىڭ چىرايلىق ھۆسن ـ جامالىدىن ئىنسان ئەمەس، ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايمۇ خىجىل ئىكەن، ئاسماندىكى چولپانىمۇ تەڭلەشتۇرگىلى بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىز قىممەت باھا بېزەكلەر بىلەن بېزەلگەنىكەن، ئۇنچە ـ مەرۋايىت، گۆھەرلەرنىڭ جۇلاسى كۆزنى قاماشتۇرىدىكەن. ئوغرى قىزنى ئۆزىگە مايىل قىلىشقا ھازىرچە ئامال بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ، زىبۇزىننەتلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تاپماي، نەچچە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپتۇ، ئاخىر مەلىكىنىڭ زىبۇزىننەتلىرىنى ئوغرىلاشقا بەل باغلاپتۇ. بىر كۈنى كەچقۇرۇن بازاردىن ياندىغاندا، ئوغرى قاسساپ دۇكىنىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ ۋە

ئازراق گۆش ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، قاسساپ دۇكىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچمايلا گۆشنى تارتىپ، يوچۇقتىن سۇنۇپتۇ. پايلاپ تۇرغان ئوغرى قاسساپنىڭ قولىنى بىلەكتىن كېسىپ ئۈزۈۋې-لىپ كېتىپتۇ. يېرىم كېچىدە ئوغرى مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىۋاپتۇ. شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان ئۇ مەلىكىگە بېزەكلىرى تېخىمۇ ھۆسن قوشقانىكەن، ئوغرى مەپتۇن بولۇپ قاراپ قاپ-تۇ. ئوغرى قىزنىڭ بويىنىدىكى بېزەكلەرنى تۇيدۇرماي يې-شىۋاپتۇ ۋە لېۋىگە سۆيۈپ قويۇپتۇ. شۇ چاغدا قىز ئويغىنىپ قېلىپ، ئوغرىنىڭ قولىدىن «كاپ» قىلىپ تۇتۇۋاپتۇ ۋە:

— ھەرقانچە قىلساڭمۇ ئەمدى قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، لە-نىتى ئوغرى، — دەپ ۋارقىراپتۇ، قىز ئوغرىنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەپتۇ.

كېنىزەكلەر ھۇجرىغا كىرىپتۇ. شام ياندۇرۇپ قارىسا، قىز قوزۇققا باغلاقلىق كېسىلگەن قولنى تۇتۇپ تۇرغۇدەك. شۇ چاغدىلا قىز ئوغرىنىڭ ئالداپ كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان شاھ:

— ئوغرى قۇتۇلۇش كويىدا ئۆز قولىنى كېسىۋېتىپ قېچىپتۇ. ئەمدى مەن ئۇنى تاپالايمەن ! — دەپتۇ.


پادىشاھ ئەتىسى ئەتىگەندىلا بارلىق پۇقرالارنىڭ شەھەر مەيدانىغا توپلىنىشى ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. پۇقرالار توپلىنىپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈلۈپتۇ، ئاخىر پادىشاھنىڭ كۆزى بىر قولى يوق كىشىگە چۈشۈپتۇ.

— ئوغرىنى تاپتىم، ئاۋۇ چولاق ئوغرىنىڭ نەق ئۆزى، تۇتۇڭلار ! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ. ياساۋۇللار چولاقنى تۇتۇپ كەپتۇ. پادىشاھ سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ ئوغرى بول-ماي، قېرى قاساپ ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە ئەھۋالنى قاس-

ساپتىن ئۇقۇۋېتتۇ.

— بۇ قولنىڭ ئىگىسى ئوغرى ئەمەسكەن، بۇ قولنى كېسىۋالغان ئادەم ئوغرىكەن، — دەپتۇ - دە، ئوغرىنى تاپال-ماي، سولىشىپ قايتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ چاققان ئوغرىنى ھېچكىم كۆرمەپتۇ، ھېچكىم تۇتالماپتۇ، ئوغرىنىڭ داڭقى پادىشاھلىق تەۋەسىدىن ھالقىپ، باشقا پادىشاھلىقلارغىمۇ يېتىپتۇ. بۇ پادىشاھقا قوش-نا يەنە بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن پۈت تېپىشىپ تۇرىدىكەن. ئوغرىنىڭ خەۋىرى ئۇنىڭغا يەتكەندىن كېيىن، بۇ پادىشاھقا مەكتۇپ ئەۋەتىپتۇ. مەكتۇپتا: «ئەگەر ئۇ ئوغرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قۇدرىتىڭ يەتمىسە، قول ئاس-تىڭدىكى ئەل - يۇرتۇڭنى ماڭا تاپشۇر !» دەپ يېزىلغانىكەن. مەكتۇپ بۇ پادىشاھقا ھاقارەت ۋە ئەلەم بوپتۇ. شۇنداق بول-سىمۇ جاۋاب قايتۇرۇپ: «مەن بۇ ئوغرىنى تۇتالماي يۈرگە-



نىمدە، ئەل - يۇرتۇمنى تاپشۇرۇپ بېرىشىمنى ئارزۇ قىپ-سەن. بۇ ئوغرىنى سەنمۇ تۇتالمايسەن» دەپتۇ. قوشنا پادىشاھ يەنە مەكتۇپ يېزىپ: «ساڭا قىرىق كۈن مۆھلەت بېرىمەن ! مۇشۇ مۇددەت ئىچىدە سىنىڭ تەۋەيىڭدىكى بۇ ئوغرى قەس-رىمدىن بىر تال قىلىمنى ئوغرىلاپ كېتەلىسە، ئەل - يۇر-تۇمنىڭ يېرىمىنى ساڭا بۆلۈپ بېرەي. ئەگەر ئوغرى شۇ مۇد-دەت ئىچىدە بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، ئەل - يۇرتۇڭنى ئۆزۈمگە قارىتىپ، سېنى ئۆمۈرۋايەت قۇل قىلغايمەن» دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىر - ئۆلىمالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆز پۇقرالىرىنى شەھەر مەيدانىغا توپلاپتۇ. پۇقرالارغا قوشنا پادىشاھنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن:

— بۇ ئوغرى مۇشۇ قىرىق كۈن ئىچىدە قوشنا پادىشاھ-نىڭ بىرەر نەرسىسىنى ئوغرىلاپ كەلسە، ئۇ ئوغرى ياش بولسا، قىزىمنى ئۇنىڭغا توي قىلىپ بېرىپ، مىراسخور قى-لىۋالغايمەن، ياشانغان بولسا، مال - دۇنيا بىلەن رازى قىل-غايمەن، — دەپتۇ.

ئارىدىن كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپ، قىرىق كۈن توشىدىغانغا قى-رىق سائەت قالغاندا، ھېلىقى ئوغرى ئۆز - ئۆزىگە: «ئەمدى ئىشقا كىرىشىش ۋاقتى يەتتى» دەپتۇ ۋە بىر تۆگە ھەم مۇڭ-گۈز - پۈڭگۈزلىرى بىلەن تولۇمچە سويۇلغان بىر ئۆچكە تې-رىسىنى سېتىۋاپتۇ، تېرىنىڭ ھەربىر تال قىلىغا بىردىن قوڭغۇراق باغلاپتۇ، ئۇنى خۇرجۇنغا سېلىپ، تۆگىگە مىنىپ، قوشنا پادىشاھنىڭ شەھىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئوغرى ئۇ شە-ھەرگە يېرىم كېچىدە يېتىپ بېرىپ ئۇدۇل پادىشاھ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئوردا دەرۋازىسىغا يېقىن قويۇق دەرەخلىككە تۆگىنى باغلاپ، ئۆزى تامدىن ئارتىلىپ ئوردا ھويلىسىغا چۈ-شۈپتۇ، خۇرجۇندىكى قوڭغۇراقلىق ئۆچكە تېرىسىنى كىيىپ،

پادىشاھ ياتقان ئۆيىنىڭ ئىشىك ئالدىغا بارغاندا، يىتىۋېلىپ ئىغىناپتۇ. دەل شۇ چاغدا پادىشاھ خانىشىغا:
— ئەتە مىنىڭ قوشنا پادىشاھقا قويغان شەرتىمنىڭ مۇددىتى توشىدۇ، ئەمدى ئۇ ئۆزى ۋە ئەل - يۇرتىنى ماڭا تاپشۇرىدۇ، — دەپ ماختىنىۋاتقانىكەن.
شۇ ھامان ئىشىك تۈۋىدە چىقىۋاتقان جاراڭ - جۇرۇڭ ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، قورقىنىدىن پادىشاھنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپتۇ، خوتۇنى ئۇنىڭدىنمۇ بەك قورقۇپتۇ. پادىشاھ قولىغا شامنى ئېلىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ، ئېچىپتۇ - دە، مۈڭگۈزلىرى لىڭ-كاڭشىپ، قوڭغۇراقلىرى جاراڭشىپ تۇرغان بىر مەخلۇقنى كۆرۈپتۇ.
— كىمسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ ئاۋازىنى ئارانلا چىقىرىپ.
— ئەزرائىلمەن، — دەپتۇ ئوغرى.
— ساڭا نېمە كېرەك؟ — دەپتۇ پادىشاھ تېخىمۇ بوش ئاۋاز بىلەن.
— جان كېرەك، جېنىڭنى ئالغىلى كەلدىم ! — دەپتۇ ئوغرى.
پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ، ماغدۇرىدىن كېتىپتۇ، ئاغزى گەپ-كە كەلمەي قاپتۇ. پادىشاھ ئوغرىنىڭ ئالدىغا يىقىلىپتۇ، ھېچبولمىغاندا خوتۇنۇم بىلەن بولسىمۇ ۋىدالىشىۋېلىشقا رۇخسەت بەرگىن، دەپ يالۋۇرۇپتۇ.
— خوپ، خوتۇنۇڭ بىلەن ۋىدالىشىۋال، لېكىن مېنى كۈتتۈرۈپ قويما. مەن يەنە نۇرغۇنلارنىڭ جېنىنى ئېلىشقا ماڭىمەن، — دەپتۇ ئوغرى.
پادىشاھ خۇددى ساراڭدەك ۋارقىراپ خوتۇنىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ - دە:
— خوتۇن، بۇ جاننى ئالىدىغان ئەزرائىل ئىكەن، مېنىڭ



جېنىمنى ئالغىلى كەپتۇ، مېنى چاققان يوشۇرۇۋال، ــ دەپتۇ.

خوتۇنى ساندۇقنى ئېچىپ بېرىپتۇ، پادىشاھ ساندۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ يېتىپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن خوتۇنىمۇ كىرىپتۇ ـ دە، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى مەھكەم يېپىۋاپتۇ. شۇ-نىڭدىن كېيىن ئوغرى كىرىپ، ساندۇقنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، چاندۇرماي تاشقىرىغا كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ ـ دە، تۆگى-گە ئارتىپ كېچىلەپ مېڭىپتۇ. ئوغرى سۇبھى دەمگىچە ھېلى-قى پادىشاھنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ، ساندۇقنى پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ قويۇپ قايتىپتۇ.

پادىشاھ ئەتىگەنلىكى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە چىقىپلا ساندۇقنى كۆرۈپتۇ، خۇشاللىقىدىن پەرمان چىقىرىپ خەلقنى توپلاپتۇ ـ دە:

ــ مانا بۇ ساندۇق قوشنا پادىشاھتىن ئوغرىلاپ كېلىن-گەن. ئەمدى بۇ ساندۇقنى ئوغرىلاپ كەلگەن كىشى ئالدىمغا كەلسۇن ۋە ساندۇق ئىچىدە نېمە بارلىقىنى دەپ بەرسۇن، مەن

ۋەدەمنى ئورۇندايمەن، — دەپتۇ.


توپ ئارىسىدىن ياشلار، قۇرامىغا يەتكەنلەر، قېرىلار چى-قىپ: «مەن ئوغرىلاپ كەلدىم، مەن ئوغرىلاپ كەلدىم» دېيى-شىپتۇ، بىراق ساندۇقنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى دەپ بې-رەلمەپتۇ. ئاخىردا ھېلىقى ئوغرى توپ ئارىسىدىن چىقىپ:

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، مەن ئۆزلىرىنى ساراسىمىگە سې-لىپ ئاۋارە قىلغان، پەرمان چىقىرىپ تۇتالماي كەلگەن ئوغرى بولىمەن. بۇ ساندۇقنىمۇ سىلىنىڭ نامىشەرىپلىرى ئۈچۈن ئوغرىلاپ كەلدىم. بۇنىڭ ئىچىدە سىلىگە مەكتۇپ يازغان قوشنا پادىشاھنىڭ ئۆزى ھەم ئۇنىڭ خانىشى بار، — دەپتۇ.

كىشىلەر ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەپتۇ ۋە زاڭلىق قىپتۇ.

پادىشاھ ساندۇقنى ئېچىشقا ئەمر قىپتۇ، ئوردا ئەمەلدار-لىرى ساندۇقنى ئاستا ئېچىپتۇ. قوشنا پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ خانىشى بۇ پادىشاھ ئالدىدا نومۇستىن كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ساندۇق ئىچىدىن چىقىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ ئېچىشقان يېرىگە تۇز سەپمەستىن، ئوردىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، گۈزەل قىزىنى ئوغرىغا نىكاھ قىپتۇ، ئاندىن ئۇنى ئۆزىگە ۋەزىر قىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ زامانلاردىن ئىلگىرى ئوغرىدىن ۋەزىر بولغانلار يوق ئىكەن.



# ئەقلىڭ - بايلىقىڭ

بۇنىڭدىن كۆپ زامانلار ئىلگىرى تۇرپان خانلىقى دەۋرىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ خەزىنىسى ئالتۇن - كۈمۈشكە، ئۈنچە - مارجانغا لىق تولغان، يەر - زېمىنى، ئوتلاق - يايلىقى چەكسىز، چارۋا ماللىرى ھەددى - ھېسابسىز ئىكەن. ئاشۇ پادىشاھنىڭ بىرلا قىزى بار ئىكەن. پادىشاھ كەلگۈسىدە ئۆز تەخت - بەختىنىڭ قىزىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئۇنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈپ، ئەتىۋارلاپ تەربىيىلەپ چوڭ قىپتۇ. قىزمۇ پادىشاھنىڭ ئۈمىدىگە يارىشا ھۆسن - جامالدا تەڭداشسىز گۈزەل، ئەقىل - پاراسەتلىك ئىكەن. قىز ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغان ئەتراپتىكى پادىشاھلىقلارنىڭ شاھزادىلىرى لايىق بولۇپ كەپتۇ. پادىشاھ ئەزەلدىن قىزىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىش قىلىپ كەلگەچكە، كەلگەن شاھزادىلەرنى ئىززەتلەپ مېھمان قىلىپ، ئۇلارغا:

— قىزىمنىڭ رازىلىقىنى ئالساڭلار، مەن رازى بولىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شاھزادىلەر مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئۆز كىبىرلىرىنى كۆرسىتىپ زور ئۈمىد بىلەن كىرىشكەن بولسىمۇ، بىراق مەلىكىنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، ھەسرەت بىلەن باشلىرىنى قىلچقا تۇتۇپ بېرىپتۇ.

كۆنلەر ئۆتۈپ، مەلىكىنىڭ سوئال سوراپ، ئۇنىڭغا كىمكى جاۋاب بېرەلىسە ئۇنى ئۆزىگە لايىق قىلىپ تاللايدىغانلىقى، جاۋاب بېرەلمىسە، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر چەت بىر يېزىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ خەۋەرگە يېزىدىكى ھەممىلا كىشى قىزىقىپتۇ، بىراق مەلىكىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمىسە، پېشكەللىككە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ: «يېگەن نېنىمىزنى تىنچ سىڭدۈرەيلى» دېيىشىپ ئۆز رايىدىن يېنىشىپتۇ. شۇ يېزىدا بىر موللا بولۇپ، ئۇ شاگىرتلىرىنى ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويۇپ تەربىيىلەيدىكەن. ئاشۇ موللىنىڭ تەربىيىلەۋاتقان ئەقىللىق، زېرەك بىر شاگىرتى بار ئىكەن. موللا ئۇنىڭغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، يەتتە ئىقلىمدىكى ھەممە ئۆلىما ـ دانىشمەنلەرنىڭ ئىلىم ـ ھېكمەتلىرىنى ئۆگىتىپ بولغانىكەن. موللا شاگىرتىغا ناھايىتى ئىشەنچ قىلىدىكەن. ئۇ مەلىكىنىڭ شەرتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆز شاگىرتىنىڭ ئەمەلىي بىلىمىنى بىر سىناپ كۆرمەكچى بوپتۇ ـ دە، ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، مەن سېنى تەربىيىلەشكە ناھايىتى كۆپ ئەجىر قىلدىم، سەنمۇ ئەجرىمنى بىكار كەتكۈزمەي، كۆڭلۈمدىكىدەك ئۆگەندىڭ، مەن ئەمدى ئەجرىمنىڭ مېۋىسىنى بىر كۆرەي دەيمەن، — دەپتۇ. شاگىرت موللىنىڭ ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ:

— قېنى، موللام، ئېيتسىلا، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، — دەپتۇ. موللىسى ئۇنىڭ ئۇستۋېشىغا بىر قاراپ چىقىپ:

— يۇرتىمىزنىڭ مەلىكىسى سوئال سوراپ، سوئالىغا جاۋاب بېرەلىگەن كىشىنى ئۆزىگە لايىق قىلىپ تاللايدىكەن. مەلىكىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ باقساڭ، بەلكىم تەلىيىڭ چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ.

شاگىرت بالا موللىسىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ-دىن دۇئا ئاپتۇ - دە، ئۆيىگە بېرىپ ئاتا - ئانىسى بىلەن خوش-لىشىپ، دەرھال شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ شەھەرگە ئۈچ كېچە - كۈندۈز مېڭىپ يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ شەھەرگە كىرگەن ۋاقىت چىڭقىچۈش مەزگىلى بولۇپ، كوچىدا ئادەملەر شالاڭ ئىكەن. ئۇ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمدىن پا-دىشاھ ئوردىسىغا بارىدىغان يولنى سوراپ بىلىپ، ئۇدۇل ئوردا ئى-چىگە كىرىپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھ قىزىنى يېنىدا ئولتۇرغۇ-زۇپ، ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرغانى-كەن. پادىشاھ ئىشىك باقارلىرىدىن بالىنىڭ كېلىشتىكى مەقسى-تىنى بىلىپ، ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن مەسخىرە ئارىلاش:

— كېپەنلىكىڭنىمۇ ئالغاچ كەلدىڭمۇ؟! — دەپتۇ تەكەب-بۇرلۇق بىلەن. بۇنى ئاڭلىغان بالا:

— تويلۇق كىيىمىمنى ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ. پادى-شاھ مەلىكىگە ئىشارەت قىپتۇ. مەلىكە سۆز باشلاپ:

— دادام دېگەندەك، جاۋاب بېرەلمىسەڭ، ئۆلىسەن، جاۋاب بەرسەڭ، مەن سېنىڭ، — دەپتۇ. بالىمۇ مەردانىلىك بىلەن:

— ھەممىگە تەييارلىق قىلىپ كەلگەنمەن، — دەپتۇ. مە-لىكە پىسىڭڭىدە كۈلۈپ، سوئالنى باشلاپ:



— ئىككى نەرسە جۈپلەنسە دادام قايغۇرىدۇ. ئۇ نېمە؟ — دەپتۇ.

— ئۇ ئىك-كى نەرسە بىز، چۈنكى مەن

نامرات، سىزگە لايىق ئەمەس. ئاتىڭىز شۇنداق دەپ قايغۇرى-
دۇ، — دەپتۇ بالا.

— بىرنەرسە ئايرىلسا ئىككىگە، ئاتا - ئاناڭ قايغۇرار. ئۇ نېمە؟ — دەپتۇ مەلىكە.

— ئۇ مېنىڭ تېنىم بىلەن كاللام، — دەپتۇ بالا. بۇنى ئاڭلىغان مەلىكە مەمنۇن بولۇپ:

— ئەمدى ئۈچىنچى سوئالغا جاۋاب بېرەلىسەڭ مەن سې-
نىڭ، — دەپتۇ.

— قېنى، كەرەملىك مەلىكەم، — دەپتۇ بالا.

— قەغەز چېلەككە سۇ ئالغىلى بولماس، — دەپتۇ مە-
لىكە. ئەقىللىق بالا تەمتىرىمەي تۇرۇپ:

— بۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىز. سىزنىڭ كۆڭلىڭىز خۇددى قەغەزدەك نازۇك، سۇ تەگسە تىتىلىدۇ. سۇ بولسا مېنىڭ مۇ-
ئامىلەم، ئەگەر سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە كەلگۈدەك گەپ قىلسام ياكى سىزدىن يۈز ئۆرۈسەم، ئىككىمىزنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. غەم قىلماڭ، مەن سىزگە كۆڭلىڭىزدىكىدەك دىلدار بولالايمەن، — دەپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ جاۋابىدىن رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا تېگىشكە قوشۇلۇپتۇ. بىراق، پادىشاھ:

— مېنىڭ بىر تەلىپىم بار، — دەپ مەلىكىنى توختى-
تىپ قويۇپتۇ - دە، — سەن ئەتىگىچە ماڭا بىر ئۆي ئالتۇن تېپىپ بېرەلەمسەن؟ — دەپتۇ. بالا پادىشاھنىڭ ئاچ كۆزلۈ-
كىنى بىلىپ، بىر ئەدىپىنى بېرىپ قويۇشنى ئويلاپ، بىر ھىيلىنى خىيالىغا پۈكۈپتۇ - دە، پادىشاھقا:

— مېنىڭمۇ بىر شەرتىم بار، شۇ شەرتكە كۆنسىلە، مەن شەرتلىرىنى ئورۇنداي، — دەپتۇ.

— قېنى، شەرتىڭنى ئوتتۇرىغا قوي، — دەپتۇ پادىشاھ.

— مەن ئالتۇننى ئېلىپ كەلگەندە ۋارقىرىمايلا، بولمىسا،

ئالتۇن تاش ـ داڭگالغا ئايلىنىپ قالدۇ، ــ دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. بالا كېتىپتۇ. بالا بازارغا چىقىپ قىرىق تاغار سېتىۋېلىپ، بەش مەدىكار ياللاپ، تاغارلارنى تاش ـ كېسەك پارچىلىرى بىلەن توشقۇزۇپ پادىشاھ ئوردىسىغا يېقىن بىر جايغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. كەچ كىرگەندە بالا مەدىكارلار بىلەن ھېچقانداق شەپە چىقارماي تاغارلارنى پادىشاھنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئۆگزىسىگە تارتىپ چىقىرىۋېلىپ، مەدىكارلارنىڭ ھەققىنى بېرىپ يولغا سېلىپتۇ. بالا تاڭنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. تۇن نىس-پىدىن ئۆتكەندە ئۇ تاغاردىكى تاش ـ كېسەك پارچىلىرىنى تۈڭلۈكتىن ئۆيگە تۆككەنىكەن، چۆچۈپ ئويغانغان پادىشاھ نېمە ئالامەت ئىكەنلىكىنى پەم ئېتەلمەي:

ــ ئاللا ـ تۇۋا، بۇ نېمە ئالامەت؟ ــ دەپ توۋلاپ سا يې-تۇ. پادىشاھنىڭ قورقۇپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلىغان بالا دەر-ھال ئۆگزىدىن چۈشۈپ، پادىشاھقا:

ــ بۇ ئىشنى ئۆزلىرىنىڭ پېشانىسىدىن كۆرسىلە، چۈنكى مېنىڭ شەرتىمنى ئورۇندىيالمىدىلا، ــ دەپتۇ. پاد-شاھ ئۆزىنىڭ ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلىپ، قىزىنى بې-رىشكە رازى بوپتۇ.

پادىشاھ ھەممە تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ، ئەل ـ يۇرتنى چىللاپ، قىرىق بىر كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ، مەلىكە بىلەن يىگىتنى مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزۈپتۇ. ئۇزۇن ئۆت-مەي پادىشاھ ئۆزىنىڭ قېرىلىقىنى ھېس قىلىپ، پادىشاھلىق-نى كۈيئوغلىغا ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆز موللىسىنى مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىپ، بىلىم ـ ھېكمەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، يۇرتنى روناق تاپقۇزۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ جاھاندىن ئۆتۈپتۇ.

# قازى بىلەن مەھەممەت رازى

مۇنداق رىۋايەتلەر قىلىپتۇلەركى، بۇرۇندا ئۆتكەن بىر پادىشاھنىڭ مەككارلىق ۋە ھەييارلىقتا تەڭداشسىز ئۈچ ھەييارى بار ئىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئۇلارغا:

— مېنىڭ تۇزۇمنى يېدىڭلار، ئوبدان كىيىندىڭلار، ياخشى ئاتلىرىمنى مىندىڭلار، قايسىڭلار باغدات شەھىرىگە بېرىپ، شەھەر قازىسىنى زەخمىلەندۇرمەي، ئازار بەرمەي يالىڭاچ قىلىپ، ئۇنىڭ ئېگىن - ئاياغلىرىنى ئېلىپ كېلەلىسەلەر؟ كىم بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسا، مىڭ تىللا ئىنئام قىلىمەن، — دەپتۇ. ھەييارلار دەماللىققا بىرنېمە دېيەلمەي بىر - بىرلىرىگە قارىشىپ، تېڭىرقاپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇلار بىردەم سۈكۈت ئىچىدە خىيال سۈرگەندىن كېيىن، بىر ھەييار ئورنىدىن تۇرۇپ، پادىشاھقا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ:

— ئۇلۇغ شاھىمىز، بۇ ئېيتقانلىرىنى ئورۇنداش بىز ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس. ئاشۇنداق قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبىنى بىلىشىمىزگە مۇمكىن بولسا، شۇنىڭغا لايىق يول تاپساق تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، — دەپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ:

— بىلگۈڭلار كەلگەن بولسا، بۇنى سىلەردىن سىر تۇتمايمەن. مەن باغدات مەدرىسىلىرىنىڭ بىرىدە ئىلىم تەھسىل

قىلىۋاتقان چېغىمدا، بىر كۈنى كېچىسى بىر كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر ئايالنىڭ: «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم ـ دە، داد ـ پەرياد چىقىۋاتقان ئۆيگە ئۆزۈمنى ئوقتەك ئاتتىم. ئۆي قاراڭغۇ ئىدى، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى، پەقەت كىملەرنىڭدۇر پومداقلىشىۋاتقان ئوپۇر ـ توپۇرى بىلەن بىر ئايالنىڭ: «قۇتقۇزۇڭلار! ۋايداد!... ھەي ئىپلاس، تارت قولۇڭنى، ئۆزۈڭ كىمسەن؟! ئۆلسەممۇ، ئىللا ـ بىللا...» دېگەن ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن ئاۋاز چىققان يەرگە بېرىپ قولۇمنى ئۇزىتىشىمغا بىر گەۋدە چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن سىرتقا قېچىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئارقىسىدىن قوغلاپ چىقىۋاتقىنىمدا، بوسۇغىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتۇم، ئورنۇمدىن ھاپىلا ـ شاپىلا تۇرۇپ ھويلىغا چىقىشىمغا، ئايالنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەلگەن قوشنىلىرى كېلىپ مېنى تۇتۇۋالدى. ئەسلىدە بىر مۇتتەھەم ھېلىقى ئايالغا زورلۇق قىلماقچى بولغانىكەن. تۇتۇۋالغۇچىلار مېنى باغلاپ مىرشەپكە تاپشۇرۇشتى، ئەتىسى قازىغا توغرا قىلىشتى. مېنىڭ گۇۋاھچىم بولمىغاچقا راست گەپ ئاقمىدى، ئۆزۈمنى ئاقلاشقا ئامالسىز قالدىم. مەن ھازىر سىلەرگە ئېيتقان قازى شۇ چاغدا باغدات شەھرىنىڭ قازىلىقىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ياش قازى ئىكەن. يۈز ـ كۆزۈمدە تاتىلانغان بىرەر تىرناق ئىزىنىڭ يوقلۇقىغا قارىماي، ئۇ مېنى يالىڭاچ قىلىپ، كوچىمۇكوچا سازايى قىلدى. يەنە قىرىق دەررە ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلاتقۇزۇۋەتتى. خالىس قۇتقۇزماقچى ۋە شەپقەتچى بولماقچى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئاشۇنداق «تارتۇق»قا ئېرىشتىم، باغداتتا تۇرۇشقا ئىمكانىيىتىم قالمىدى. «بار ئويۇننى سىز ئوينىڭ، دەردىڭىزنى مەن

تارتاي» دېگەننىڭ ئۆزى بولدى، ئاخىر بۇخاراغا بېرىپ ئو-
قۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

پادىشاھنىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە تاقەت قىلالمى-
غان ھەييار مەھەممەت رازى ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، يەر ئۆ-
پۇپ پادىشاھقا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ:

ــ پادىشاھى ئالەم، ئەل قىساسۇ مىنەلھەق. ئىجازەت
بەرسىلە، شۇ قازىنى يالىڭاچ قىلىپ، ئېگىن ـ ئاياغلىرى-
نى مەن ئېلىپ كېلەي ! ــ دەپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ. پادى-
شاھ رۇخسەت قىپتۇ.

مەھەممەت رازى يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ،
مول يۈرگەندىمۇ يىڭنە ئۇچىدا توپا قازغاندەك يۈرۈپ، باغدات
شەھىرى تەۋەسىگە يېتىپ كېلىپ بىر مەنزىلگە چۈشۈپتۇ. ئۇ
كېچىسىمۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي، قازىنى قانداق ھىيلە بىلەن



قولغا چۈشۈرۈش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئەمدى سۆزنى قازىدىن ئاڭلايلى:

باغدات شەھىرىنىڭ بۇ قازىسىنىڭ ئىسمى لاۋھىد ئىبنى مۇقاتىل بولۇپ، ئىلىم ـ پەن، پەزىلەت ۋە تەقۋادارلىقتا كا ـ مىل ئىكەن، قىش ـ ياز كۈندۈزى روزا تۇتىدىكەن ۋە كېچە ـ نى ئۈچ ھەسسە قىلىپ، بىر ھەسسىسىدە كىتاب كۆرىدىكەن، بىر ھەسسىسىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىدىكەن ۋە بىر ھەسسى ـ سىدە ناماز ئوقۇيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ كىتابتىن: «نامازنىڭ ئاللاتائالاغا دوستىراقى باغۇ بوستانلىق جايدا ئوقۇلغىنى» دېگەن ھەدىسنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ قازىنىڭ سەھرادا باغۇ بوستانلىق ھويلىسى بار ئىكەن. ئۇ، مەن بۈگۈن سەھەر چىقىپ باغدا ناماز ئوقۇپ ھەدىسكە ئەمەل قىلسام، ئاخىرەتلىكىم خەيرلىك بولار، دېگەن ئۈمىد بىلەن چاكىرىنى چاقىرىپ:

— بۈگۈن سەھەردىن بۇرۇن ئاتنى ئېگەرلەپ بەر، — دەپ بۇيرۇپتۇ. چاكار شۇنداق قىپتۇ. قازى تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت شۈكرانە نامازنى ئوقۇپ، ئېتىغا مىنىپ يولغا چىقىپ ـ تۇ. بىرھازا يول يۈرگەندىن كېيىن ئاسماندىكى ئايغا قاراپ، ئەمدى تۈن نىسپى بولغانلىقىنى بىلىپ، بىمەھەل يولغا چى ـ قىپ قاپتىمەن، بىرەر ئوغرى ـ قاراقچىغا يولۇقۇپ قالمى ـ غىيدىم، دەپ ئەندىشە قىپتۇ، ئەڭ ياخشىسى، بىرئاز ياتاي، تاڭغا يېقىن ماڭاي، دەپ ئويلاپتۇ، كېيىن، ئىبادەتكە نىيەت قىلىپ چىقىپ يولدا ياتماق خوپ ئەمەس، خۇدايىتائالاغا تە ـ ۋەككۇل قىلىپ مېڭىۋېرەي، دەپ يۈرۈشىنى داۋام قىپتۇ. ئۇ مەھەممەت رازى چۈشكەن لەڭگەرگە يېتىپ بېرىشىغا، مەھەم ـ مەت رازى لەڭگەردىن چىقىپ، قازىغا قاراپ: «بەختىيار چىقسا شىكار ئەيلىگىلى سەھراغا، چۈشەر ئۆز مەيلى بىلەن سەيد كېلىپ ئالدىغا» دەپ بېيىت ئوقۇپتۇ ۋە: «ئەلھەمدۇلىللا،

خۇدايىتائاالادىن نېمىنى تەلەپ قىلسام شۇنى بەردى» دەپ قا-
زىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، شەمشىرىنى غىلاپىدىن چىقىرىپ ئاي
يورۇقىدا پالىلدىتىپ تۇرۇپ:

— بەس، ئۆز جايىڭدا توختا! — دەپتۇ. قازى توختاپ
قارىسا، سالاپەتلىك بىر ئادەم ئالدىنى توسۇپ تۇرغۇدەك. بى-
چارە قازى قورقۇپ كېتىپتۇ، ئۇ ئاران ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ھەي، نېمە ئادەمسەن؟ مەندىن ھايا قىلمامسەن؟ مەن
مۇسۇلمانلارنىڭ قازىسى بولىمەن، — دەپتۇ. مەھەممەت رازى:

— ھەي قازى، مەندىن نېمە ئۇچۇن قورقمايسەن؟ مەن
مۇسۇلمانلارنىڭ ھەييارى ۋە ئوغرىسى بولىمەن. «ئاۋۋال
سالام، ئاندىن تائام، ئاخىردا كالام» دېگەن گەپ بار. ئەسسالا-
مۇئەلەيكۇم، ئى مۇسۇلمانلارنىڭ قازىسى، — دەپ قازىغا سالام
بېرىپتۇ. قازى سالامغا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن:

— ئەي مەرد يىگىت، سەن گەرچە ئۆزۈڭنى ئوغرى،



ھەييار دەۋاتقان بولساڭمۇ، قائىدە ـ يوسۇن بىلىدىكەنسەن، ئىلىم ـ ھېكمەتتىن سۆزلەۋاتىسەن ۋە ئەۋلىيالار سالىمىنى يەتكۈزۈۋاتىسەن، ئەمما نېمە ئۈچۈن مەن تەنھا تۇرسام، تىغ كۆتۈرۈپ، ھەيۋە قىلىپ سۆزلەيسەن؟ — دەپتۇ. ھەييار:

— «ھەركىم بىلەن ئىككى پەرىشتە ھەمراھتۇر، بىرى ئوڭ مۈرىسىدە، بىرى سول مۈرىسىدە» دېگەن ئايەتنى ئۇقامسەن؟ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىدىن ئېيتقاندا، سەن يالغۇز ئەمەس، بەلكى ئۈچ كىشىسەن، — دەپتۇ. قازى:

— ئەي مەرد يىگىت، مېنى قويۇپ بەر، باشقا ئادەمنى تۇت، — دەپتۇ. ھەييار:

— مەن ئوۋچى، ئۆزۈمگە قۇۋۋەت ھاسىل قىلاي دەپ بۇ يەردە ئولتۇرىمەن، قولۇمغا چۈشكەن ئولجىنى ھەرگىز قويۇپ بەرمەيمەن. ئەي قازى، نېمە ئۈچۈن مۇنداق قاراڭغۇدا يولغا چىقتىڭ؟ — دەپتۇ.

— غەپلەت بېسىپ چىقىپتىمەن، — دەپتۇ قازى.

— مەن سېنى ئىلمىي نۇجۇمنى بىلىدۇ، دەيتتىم. سەن يەتتە كەۋاكىب[1]، ئون ئىككى بۇرج[2]، سەككىز قىرغاق[3] نى بىلمەي تۇرۇپ قانداقچە قازىلىق قىلىۋاتىسەن؟

— ئىلمىي نۇجۇمغا ئەمەل قىلماق جايىز ئەمەس. «كىمەرسىكى ئىلمىي نۇجۇمغا ئەمەل قىلسا، شۈبھىسىز كاپىر بولغاي» دېگەن ھەدىس بار.

— راست ئېيتىپتۇ، سەن ھەربىر ھەدىسكە ئەمەل قىپسەن، لېكىن سەككىز ئايەتكە ئىقرار ئەمەسسەن!

---

① يەتتە كەۋاكىب — كۇن، ئاي، مىررىخ، ئەتارۇد، مۇشتەرى، زۇھرا، زۇھەل.

② ئون ئىككى بۇرج — ھەمەل، سەۋر، دەلۋ، سەرەتان، ئەسەد، سۇنبۇلە، مىزان، ئەقرەب، قەۋس، جەۋزا، جەدد، ھۇد.

③ سەككىز قىرغاق — شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال ۋە ئۇنىڭ تۆت بۇرجىكى.

— قايسى سەككىز ئايەت؟

— بۇ سەككىز ئايەت مۇنۇلار: بىز ئەلۋەتتە ئاسمان تەبىقىلىرىدە سەييارىلەرنىڭ سەير دائىرىسى ئۈچۈن بۇرجلارنى ياراتتۇق؛ بىز ئاسمان دۇنياسىنى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق؛ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار تەڭرىنىڭ پەرمانىغا بويسۇنىدۇ؛ بەس، يۇلتۇزلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن قەسەمياد قىلىمەن، ئاسماندا يۇلتۇزلارنىڭ سەير قىلىشى ئۈچۈن دائىرىلەرنى ياراتقان تەڭرى نېمىدېگەن ئۇلۇغ؛ قەسەمياد قىلىمەن بۇرج — دائىرىسى بار ئاسمان ھۆرمىتى بىلەن، ئىنسانلار يىراق يەرگە يۈرۈشتە ۋە ئىشلىرىنى باشلاشتا يۇلتۇزلارنىڭ سەير قىلىشىنى مۆلچەرلەپ، توغرا يول تاپىدۇ. بەس، كۆزىتىڭلار، تەڭرىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرمەكچى بولساڭلار، يۇلتۇزلارغا قاراڭلار!

قازى ھەيران قىلىپ:

— ھەييار مۇنەججىم ئىكەنسەن. ماڭا قۇرئە بېقىپ كۆر، تەلىيىم ياخشىمۇ، نەسمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ھەييار:

— ئەي قازى، تەلىيىڭنىڭ نەس ئىكەنلىكىنى ھېلىغىچە بىلمەيۋاتامسەن؟ تەلىيىڭ نەس بولغىنى ئۈچۈن مۇشۇنداق پېشكەللىككە دۇچ كەلدىڭ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قازى سوراپتۇ:

— ھازىر ئاي قايسى بۇرجدا؟

— ئەقرەب بۇرجىدا. بۇ ۋاقىت ئوغرى - قاراقچىلارغا ئەپلىك، ئەمما قازى، مولللىلارغا خوپ ئەمەس.

— مەن ھەدىسكە ئەمەل قىلىپ، بوستانلىقتا ناماز ئوقۇماق ئۈچۈن چىققانلىقىمنى بايا ئېيتتىمغۇ، مېنى قويۇپ بەر!

— سەن ئۇ ھەدىسكە ئەمەل قىپسەن، ئەمما گەرچە ئىك-

كى پەرىشتە سەن بىلەن ھەمراھ بولسىمۇ، سەن: «يول يۈر-مەكچى بولغان كىشى ئالدى بىلەن ھەمراھ تېپىپ، ئاندىن يول يۈرسۇن» دېگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلماپسەن. ئەگەر بىر كىشىنى ھەمراھ قىلىۋالغان بولساڭ، مەن ساڭا يولۇقماس ئىدىم.

— سەن نېمە ئۈچۈن: «مۇسۇلمان شۇنداق بولىدۇكى، ئۇ-نىڭ قولىدىن ۋە تىلىدىن مۇسۇلمانلار ئامان بولىدۇ» دېگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلمايسەن؟

— ئەي قازى، ھەقتائالا يارلىق قىلىپ: «بەندىنىڭ قىلغان ياخشى - يامان ئىشلىرىغا ئۇنىڭ قول - پۇتى گۇۋاھلىق بېرىدۇ» دېگەن، — دەپتۇ ھەييار ۋە بۇ قىتئەنى ئوقۇپتۇ:

ئەي قازى، مەن بەسى تەييارمەن،
تىغ بىرلە زەخمىم ئۇرغۇچى بەسى سەييارمەن.
ئالىمەن قازى سېنىڭ بارىڭنى،
ئات، تونۇڭنى — جۇۋا، دەستارىڭنى.

قازى سوراپتۇ:

— ئەي ئوغرى، جىنمۇسەن، دىۋىمۇسەن، نېمە بالاسەن؟ ماڭا نېمە مۇنچە ئازار يەتكۈزىسەن؟

— مەن دىۋە بولسام، سەن كاپىردۇرسەن، «مەنكى خۇدا-يىتائالا، دىۋىلەرنى كاپىرلار ئۈچۈن ئىبەردىم» دېگەن. بەس، سەن شۇنداق ئىكەنسەن، بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى بىرلە خۇدا مېنى ساڭا ئىبەرتىپتۇ.

— شەرم تۇتقىل.

— مەن شەرم تۇتسام، بالا - چاقىلىرىم ئاچ قالىدۇ. «ھايا رىزقنى مەنئى قىلۇر» دېگەن ھەدىس بار.

— ئەي ئوغرى، نېمە ئۈچۈن «ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراسخورلىرىدۇر» دېگەن بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلمايسەن؟
— ئەي قازى، سەن پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراسخورى بولسالڭ، مەن خۇدايىتائالانىڭ خاس بەندىسىدۇرمەن.
— سەن قانداقچە خۇدايىتائالانىڭ خاس بەندىسى بولىسەن؟
— مەن قۇرئانخاندۇرمەن، ئالىمدۇرمەن.
— ئەي جۇۋانمەرد، راستتىنلا ئىلمۇ ھېكمەتتىن، ئىلىم - پەزىلەتتىن خەۋىرىڭ بار ئىكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ماڭا مۇنچىۋالا ئازار يەتكۈزىسەن؟ خۇدايىتائالا قۇرئاندا خەۋەر يەتكۈزۈپ: «خۇدايىتائالانىڭ لەنىتى زالىملارغىدۇر» دېگەن.
— ئەي قازى، ئۆزۈڭ ئوقۇغان شۇل ئايەتنىڭ مەزمۇنى بىرلە ئۆزۈڭ زالىمدۇرسەن. خۇدايىتائالانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغىنىڭ ئۈچۈن مېنى خۇدا ساڭا يەتكۈزۈپتۇ. تېز بول، ئاتتىن چۈش، ھەممە نەرسەڭنى ماڭا بەر !
— ئەي جۇۋانمەرد، خۇدايىتائالادىن قورققىن، خۇدا: «ئەي ئادەملەر، خۇدايىتائالادىن قورقۇڭلار» دېگەن.
— مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «خەلققە ئېيتقىنكى، ئەي ئۆز ۋۇجۇدىنى يامانلىق - گۇناھلارغا ئىسراپ قىلغانلار، تەڭرىنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، توۋا قىلساڭلار، ئەلۋەتتە تەڭرى بارلىق گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ» دېگەن ئەمەسمۇ؟
— ئەي قۇرئانخان، سەن بۇ ئىشنى قىلمىساڭمۇ، خۇدا: «رىزقىڭلارنى قىسمەت قىلدىم» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى بىرلە سېنىڭ رىزقىڭنى بېرىدۇ.
— خۇدا ئەزەلدە بۇ ئەندازە بىرلە مېنىڭ رىزقىمنى ئوغرىلىققا قىسمەت قىپتۇ. ئەي قازى، ئېگىنىڭنى سال !
— ئەي ئوغرى، نېمە ئۈچۈن ھەدىس، پەيغەمبەرگە ئەمەل

قىلمايسەن؟ پەيغەمبىرىمىز: «رەھىم قىلساڭ، رەھمەت تاپىسەن» دېگەن ئەمەسمىدى؟ ماڭا رەھىم قىل، رەھمەت تاپ.

— شۇنداق، لېكىن مەن ساڭا رەھىم قىلسام، خۇدا ماڭا رەھىم قىلمايدۇ، مەن ۋە بالا - چاقىلىرىم ئاچ قالىمىز. ياخشى مەسلىھەت شۇكى، تېزدىن ئات، كىيىم - كېچەكلىرىڭنى بەر، ئۇنى سېتىپ، خوتۇن، بالا - چاقىلىرىم بىلەن نەپسىم ئارام ئالسۇن. ئاندىن خۇدايىتائالاغا شۈكۈر قىلاي، ساڭا خۇدايىتائالا رەھىم قىلۇر.

— ئەي ئوغرى، مېنىڭ پەزىلىتىم بار، ئەھلى پەزىلەتكە ئازار قىلما، ئۇۋال بولىدۇ. خۇدايىتائالا قۇرئاندا: «قۇلھەل يەستەۋىللەزىنەيەئلۇ - مۇنەۋەللەزىنەلايەئلەمۇن» (بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەر قانداقمۇ تەڭ بولالايدۇ، دانا بىلەن نادان تەڭ بولالماس) دەپ خەۋەر بەرگەن.

— سەن دانا، بىلەرمەن بولساڭ، تەڭ كېچىدە يولغا چىقماس ئىدىڭ، ئەمما مەن بولسام ئوغرى، تۈن ئەركىسى. ماڭا ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن كېچىدە چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئوغرىلىق ھۈنىرى بولسا قاراڭغۇدا ئاقىدۇ، يورۇقتا ئاقمايدۇ، شۇڭا مەن كېچىدە چىقتىم. شۇ ۋەجىدىن، ھەقىقىي نادان سەندۇرسەن، — دەپ، بۇ رۇبائىينى ئوقۇپتۇ ھەييار:

نادانلىقىڭدىن ئېتىڭنى قويدۇڭ قازى،
ھۆكمىڭدىن ئەمەس خۇدا، ئالەم رازى.
ئوت ياققۇسىدۇر ئاسماندىن ھەر سائەت،
شۇل شەھەرگىكىم بولسام ئەگەر مەن قازى.

ئاندىن كېيىن ھەييار يەنە:

— سېنىڭ بىلىمىڭ بولسا ئىدى، «جاھىلنىڭ ئىبادىتىدىن ئالىمنىڭ ئۇيقۇسى ئەۋزەل» دېگەن بۇ ھەدىسكە ئەمەل

قىلغان بولاتتىڭ. ئەگەر سەن ئالىم بولغان بولساڭ، «مۆمىننىڭ نىيىتى قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشى» دېگەن ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلغان بولاتتىڭ، — دەپ بۇ قىتئەنى ئوقۇپتۇ:

ياخشى نىيەت كىشىگە ئەي مۆمىن،
قىلسا ئەھسەن بۇ سۆز پەيغەمبەردىن.
بەلكى تائەت ئېرۇر مۇدام ياخشى،
ياخشى نىيەت ئارتۇقتۇر ئەمەلدىن.

— ئەي ئوغرى، ناھايىتى پىتنە-پاساتچى ئىكەنسەن، — دەپتۇ قازى.

— ئەمدى مېنى پىتنىچى دېدىڭ. «پىتنىدىن مۆمىننىڭ ئامىتى كەلمەس» دېگەن ھەدىس بويىچە، بار-يوقۇڭنى ئالماي قويمايمەن. دەرھال ئاتنى، سەرپايىڭنى، باش-ئاياغ، كىيىم-كېچەكىڭنى بەر! — دەپ ۋارقىراپتۇ ھەييار. قازى قورققىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ، ئەمما يەنىلا تەن بەرمەي:

— سېنى بىر كىشى تۇتۇۋېلىپ پادىشاھقا توغرا قىلسا، پادىشاھ زىندانغا سالسا ياكى قولۇڭنى كەسسە، قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سوئال قويۇپتۇ.

— ھەر ئىشنى ئىلمۇ ھېكمەت بىلەن قىلىمەن، شۇڭا سەن ئېيتقان ئۇنداق ئىشلاردىن سالامەتتۇرمەن. سەۋەبكى، ھەم ئالىم، ھەم زالىم، ھەم كالىم①، ھەم نازىم②، ھەم مەككار، ھەم ئەييار، ھەم غەررار، ھەم تەررار③، ھەم ھاپىزدۇرمەن، ھەم ئۆز تەلىيىمنى بىلىمەن. ئەگەر مۇشتەرى سۇمبۇلە

---

① كالىم — ناتىق.
② نازىم — شائىر.
③ ھەم غەررار، ھەم تەررار — ھەييارنىڭ تۈرلىنىپ ئېيتىلىشى.

بۇرجىدا بولسا، شۇ سائەتتە شەبخۇن[1] ئۇرسام دۈشمەنگە غا-لىب كېلىمەن. ئەي قازى، گەپنى سوزما، ئاتتىن چۈش، يالد-ىڭاچ بول! — دەپ قاتتىق ھەيۋە قىپتۇ ھەييار. قازى تېخىمۇ قورقۇپ بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ، كۆڭلىدە، مەن ئادەمزاتقا ئەمەس، دىۋە - پەرىلەرگە دۇچ كەلگەن ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپ، تىلىمۇ كالۋالىشىپ قاپتۇ، لېكىن ئۆزىنى تەستە تۇ-تۇۋېلىپ، ئالدىدا تۇرغان بۇ مەخلۇقنى گەپكە تۇتۇپ، بىر ئىلاج قىلىپ تاڭغا ئۇلىشىۋېلىش ئۈچۈن، ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، تىلىنى چاينىغان ھالدا:

— ھەي ئوغرى، سەن ھەمىشە كېچىسى تالا - تۈزدە، چۆل - جەزىرىلەردە تەنھا يۈرىدىكەنسەن، دىۋە - پەرىلەردىن قورقمامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ھەييار:

— تىلسىم قىلىشنى بىلىمەن، دىۋە - پەرىلەر مېنىڭ ئالدىمدا مېنىڭسىز ھېچ ئىش قىلالمايدۇ. سەن ئېتىڭنى، كىي-يىم - كېچەكلىرىڭنى بەرمىسەڭ، دىۋە - پەرىلەرگە بۇيرۇپ، سېنى ئاسمانغا ئاچىقتۇرۇپ، كۆك قەرىدىن تاشلىتىپ، رىزە - رىزە[2] قىلىۋېتىمەن. ئاتتىن چۈشە! — دەپ خىتاب قىپتۇ. قازى:

— خۇدادىن قورقىن، بۇ ئىشتىن بەرىكەت تاپمايسەن، — دەپتۇ. ھەييار:

— نېمىشقا بەرىكەت تاپمايدىكەنمەن؟ سېنىڭ ئات، ئې-گىن - ئايىغىڭنى ساتسام بەرىكەت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟ قازىنىڭ لىباسى ھالال بەرىكەتتۇر. تېز بول، مېنى ساقلاتما! — دەپ، قولىدىكى شەمشىرىنى ۋالىلدىتىپ كەلگەن پېتى قازى-نىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپتۇ. قازى بېشىنى قاشلاپ، ئۆزىنى خۇداغا تاشلاپ:

---

[1] شەبخۇن — كېچىلىك ھۇجۇم.
[2] رىزە - رىزە — كۇكۇم - تالقان.

— ئەي ئوغرى، سەن گەرچە ئوغرى بولساڭمۇ ئادەم با-لىسسەن. مېنى ئىززەت قىل، مەن سېنىڭ مېھمىنىڭمەن. «مېھمانغا ئىززەت قىلىڭلار، ئەگەرچە ئۇ كاپىر بولسىمۇ» دې-گەن ھەدىسكە ئەمەل قىل، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ھەييار:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام راست ئېيتىپتۇلەر. لېكىن، ھازىر سەن بالاغا گىرىپتار بولۇپ تۇرىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ ھازىر سەدىقە بەرمىكىڭ ۋاجىپتۇر. «سەدىقە بالانى ياندۇرار، ئۆمۈرنى زىيادە قىلۇر». ئەي قازى، ئات، كىيىم - كې-چەكلىرىڭنى ماڭا تاپشۇر، ئۇ سەدىقە بولسۇن، — دەپتۇ ۋە بۇ قىتئەنى ئوقۇپتۇ:

سەدىقە رەت قىلۇر بالانى،
توۋا كۆيدۇرۇر گۇناھنى.

قازى دەپتۇ:



— ئەي يىگىت، مېنىڭ سارىيىمغا بارغىن. ئېتىمنى، تونۇمنى، دەستارىمنى① شۇ يەردە بېرەي.

— مەن ساڭا ئوخشاش ئۇنداق ئەخمەق ئەمەسمەن. مەن سارىيىڭغا بارسام، ئادەملىرىڭگە بۇيرۇپ: «ئوغرىلىق قىلغان ئەر ۋە ئوغرىلىق قىلغان ئايالنىڭ ھەر ئىككى قولىنى كېسىڭلار» دېگەن ئايەت بويىچە مېنىڭ قولۇمنى كەستۈرىسەن، — دەپتۇ ھەييار.

— ساڭا قەسەم ئورنىدا شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، سەن تاڭلا مېنىڭ ھويلامغا بارغىن. ساڭا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيمەن، تىلىگەن نەرسىلىرىڭنى بېرىمەن.

— «زۆرۈرىيەتتە قەسەمگە كەپپارەت② » لازىم ئەمەس. مېنىڭ ئىشەنچ قىلىدىغان ئەقلىم يوق. ئەي قازى، سۆزنى ئۇزارتما. ئەگەر يەنىلا كاجلىق قىلىپ ئاتتىن چۈشمىسەڭ، ئېگىن - ئايىغىڭنى بەرمىسەڭ، ھازىرلا ئىككى پارە قىلىپ تاشلايمەن، — دەپ شەمشەرنىڭ ئۇچىنى قازىنىڭ قارنىغا تىرەپتۇ ھەييار. ئاللىقاچان قورقۇپ كەتكىنىدىن شامال تەگكەن ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان قازى ئامالسىز ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنى مەھەممەت رازىغا تۇتقۇزۇپتۇ. ئاندىن باش - ئاياغ، سەرپايىنى يېشىپ، ئۆزى بىر كۆڭلەك، بىر تامبال بىلەنلا قاپتۇ. ھەييار:

— ئۆيۈڭدە كۆڭلەك - تامبىلىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قازىدىن.

— بار.

— «ئىككى كۆڭلىكى بار كىشى ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرمەس» دېگەن ھەدىسكە بىنائەن كۆڭلەك - تامبىلىڭنى ماڭا بېرىپ، ئۆيۈڭدىكى كۆڭلەك - تامبىلىڭنى كىي، تېز بول!

— ناماز ۋاقتى بولۇپ قالاي دەۋاتىدۇ، يالىڭاچ قانداق نا-

① دەستار — سەللە.

② كەپپارەت — قەسەمنى سۇندۇرغانلىق ئۈچۈن بېرىلىدىغان سەدىقە.

ماز ئوقۇيمەن؟ — دەپتۇ قازى. ھەييار: «كۆڭلەك - تامبىلى يوق كىشىگە زۆرۈرىيەتتە يالىڭاچ تۇرۇپ ناماز ئوقۇماق جايىزدۇر» دېگەن ھەدىسنى ئوقۇپتۇ. قازى نائىلاج كۆڭلەكنى سېلىپ بېرىپتۇ. ھەييار:

— تامبالنىمۇ سال، — دەپ ھەيۋە قىپتۇ. قازى:

— ھەي نائىنساپ، رەھىمسىز زالىم، كىشىنىڭ ئەۋرەت قانداق ناماز ئوقۇيمەن؟ — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ھەييار بۇ مىسرانى ئوقۇپتۇ:

ئەي قازى، ساددا ئەجەب رەنايى،
مەندەك كىشىدىن سورايسەن رەھىم نامايى.

بىچارە قازى ھېچ چارە قىلالماي، تامبىلىنىمۇ سېلىپ بېرىپ، جان قايغۇسىدا يىغلاپ تۇرۇپتۇ. ھەييار بۇنى كۆرۈپ:

يۈز جاپا جانىڭغە تەگسە دوست ئەييار ئەيلىدىڭ،
جامە - دەستارىڭ سالۇردا ھىيلە ئىدبار ئەيلىدىڭ

دېگەن بېيىتنى ئوقۇپتۇ ۋە شۇ ئەسنادا ھەييارنىڭ كۆزى قازىنىڭ قولىدا پارقىراپ تۇرغان بىرنەرسىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ گۆھەر كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك ئىكەن.

— ئەي قازى، قايسى مەزھەپتە ئۈزۈك سالماق راۋا؟ — دەپ سوراپتۇ قازىدىن. قازى:

— شافىئىي مەزھىپىدە بىدئەت، ئىمام ئەزەم مەزھىپىدە سۈننەت. مەن ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىپىدە، — دەپتۇ. ھەييار:

— مەنمۇ ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىپىدە، ئۇنداق بولسا ئۈزۈكنى ماڭا بەر! — دەپتۇ. قازى قورققىنىدىن ئۈزۈكنىمۇ بېرىپتۇ. ھەييار:

— بارىڭنى ماڭا بەردىڭ، مەن ساڭا رەھىم قىلدىم، ئەلەم - جاپا يەتكۈزمىدىم، مەندىن رازى ۋە خۇشنۇد بول ! — دەپتۇ ۋە بۇ رۇبائىينى ئوقۇپتۇ:

يۈز ھىيلە بىلەن بېشىڭدىن ئالدىم دەستار،
جامە - كۆڭلىكىڭ بىلەن ھەم ئىرار①.
سەن باغدات شەھىرىگە ئىرۇرسەن قازى،
مەن قول باغلاپ ئىشىكىڭدە خىزمەتكار.

بۇ رۇبائىينىڭ ئاخىرقى مىسراسىنى ئاڭلىغان قازى، بۇ قاراقچى تېخى ئۆيۈمگىمۇ بارىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئەقلىدىن ئازغان كىشىدەك ئۈن - تىنسىز بولۇپ، شەھەر تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كېتىپتۇ. مەھەممەت رازى قازىنىڭ كىيىملىرىنى خۇرجۇنغا سېلىپ، قازىنىڭ ئېتىنى ئۆزىنىڭ ئۇچقۇر ئېتىغا باغلاپ، ھەش - پەش دېگۈچە ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، پادىشاھقا كۆرۈنۈش قىلىپ، پادىشاھقا قازىنىڭ ئېتىنى كۆرسىتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى شاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ ھەمدە ئۇنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ مەھەممەت رازىغا تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇپ، ۋەدە قىلغان مىڭ تىللانى ئىنئام قىپتۇ ھەمدە:

— بۇ نەرسىلەرنى يەنە قازىغا ئاپىرىپ بەر، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ، ئەتىسى سۇبھى تاڭدا مەھەممەت رازى باغداتقا يېتىپ كېلىپ، قازىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپتۇ.

ئەمدى سۆزنى قازىدىن ئاڭلايلى:

---

① ئىرار — تامبال.

قازى بەرەھنە ھالدا بىر ئاز يول يۈرۈشى بىلەن تاڭ سۈ-زۈلۈپتۇ. ئۇ ئەتراپقا قاراپ بىر يۇلغۇنلۇقنى كۆرۈپتۇ ـ دە، بۇگۈن كۈندۈزنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزەي، دەپ يۇلغۇنلۇق ئا-رىسىغا كىرىۋاپتۇ. بۇ يەردە قازىغا ئاغىمخانىلار، چاشقانىلار مەشرەپ ئويناپ بېرىپتۇ. قازى تۈرلۈك ۋەھىمە ئىچىدە كۈننى ئاران كەچ قىپتۇ، قاش قارىيىشى بىلەن يۇلغۇنلۇقتىن چىـ-قىپ چوڭ يولغا يېقىنراق بىر جايدا يامغۇر ئويۇۋەتكەن بىر ئۆرەكنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، شۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ ئولتۇ-رۇپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا يولغا چۈشۈپ، تاڭ ئالدىدا، بىر قولىدا ئالدىنى، بىر قولىدا كەينىنى تۇتۇپ، خىجالەت، يۈز مىڭ مۇشەققەتتە ئۆيىگە كەپتۇ. بالا ـ چاقىسى ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ يىغا ـ زار قىلىشىپ، ئىگىن كىيگۈزۈشۈپتۇ. قازى بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەمدى بايان قىلىپ تۇرۇشىغا، خىزمەتكارى كىرىپ:



— ھەزرىتى جانابلىرىنىڭ ئاتلىرىنى مىنىپ، جامە ـ دەس ـ تارلىرىنى كىيىپ كەلگەن بىر كىشى ئىشىك ئالدىدا تۇرىدۇ، — دەپ خەۋەر قىپتۇ. قازى:

— ئوغرى شۇ، ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ كىرگۈز ـ مەڭلار، — دەپ تۇرۇشىغا، مەھەممەت رازى ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ كەپتۇ ۋە سالاممۇ قىلماي، تۇزۇت ـ پۇزۇتسىزلا قازى ئولتۇرغان چۇشەككە چىقىپ، قازىنىڭ ئوڭ قولىنى بېسىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىچارە قازى قورققىنىدىن ھوش ـ ھەرىكەتتىن توختاپ، تونۇماس قىياپەتكە كىرىۋېلىپ:

— ئەي شەيخ زامان، قايدىن كېلۇرسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۇن كىتاب ئوقۇشتۇم، بۇگۇن توقۇشتۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەھەممەت رازى.

— ئەمدى نېمە ئۇچۇن كەلدىڭ؟ نېمە سەۋەبتىن سالام قىلمايسەن؟ — دەپتۇ قازى. مەھەممەت رازى:

— سالام ئۇچ ۋەجىدىن لازىم بولۇر: بىرى، ھۆرمەتتىن؛ يەنە بىرى، قورقۇنچتىن؛ يەنە بىرى، تەمەدىن. سەن ھۆرمەتكە لايىق ئەمەسسەن، مېنىڭ سەندىن قورقۇنچۇممۇ، تەمەيىممۇ يوق.

— ھەي ئوغرى، مەن ھازىر ئەمر قىلسام، «ئوغرىلىق قىلغان ئەر ۋە ئوغرىلىق قىلغان ئايالنىڭ قولىنى كېسىپ تاشلاڭلار!» دېگەن بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق، سېنى دارغا ئاسۇرلەر ياكى قولۇڭنى كېسۇرلەر...

— مەن شەھەرگە بەش نۆۋەت كەلدىم، بۇ شەھەر مېنىڭ ـ دۇر، سەن مېنىڭ قۇلۇم، خوتۇنۇڭ كېنىزىكىمدۇر، ئوغۇل ـ قىزلىرىڭمۇ مېنىڭ بالامدۇر، — دەپتۇ مەھەممەت رازى. قازى تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇپ، شۇ زامات ئوغرىغا ئون تىللا ئاچىق ـ تۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە:

— ئەي جۇۋانمەرد، بۇ دىنارنى ئېلىپ قايتقىن، خوتۇن،

بالا ـ چاقىلىرىمغا چاڭ سالما، خوتۇننى كىچىك ۋاقتىدا ئالغانىدىم، بۇ مۈلۈك ـ سارايلار ئاتامدىن قالغان، ــ دەپتۇ.

مەھەممەت رازى ئون توققۇز دىگەن بىر ئايەتنى ئوقۇپتۇ. بۇ مەھەممەت رازىنىڭ ئون يەردە توققۇزدىن دىنار بەر دىگىنى ئىكەن. قازى يەنە توقسان دىنار ئاچىقىپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ ۋە كۆڭلىدە، بۇ ئوغرى دانىشمەن ئىكەن، ھەر ئىش قولىدىن كېلىدىكەن، بۇنىڭ كۆڭلىنى ئالاي، ئۇنداق قىلمىسام قازىلىقىمغىمۇ قول سوزمىسۇن، دەپ ئويلاپ، «بۇ كېچە ماڭا مېھمان بولغىن» دەپ ئۇنى قونۇپ قېلىشقا تەكلىپ قىپتۇ. مەھەممەت رازى تەكلىپنى قوبۇل قىپتۇ. كېچە مېھماندارچىلىقى ئۆتۈپ، ئەتىسى ئەتىگەندە قازىنىڭ خوتۇنى ناشتىلىققا بىر غازنى كاۋاپ قىلىپ چىقىپ داستىخانغا قويۇپتۇ ۋە:

ــ ئەي مېھمان، بۇ غاز كاۋىپىنى ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلىڭ، ــ دەپتۇ. داستىخان ئۈستىدە قازى، مەھەممەت رازى ۋە قازىنىڭ خوتۇنى ھەمدە قازىنىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن ئىككى چاكىرىمۇ ھازىر ئىكەن. مەھەممەت رازى غازنىڭ بېشىنى قازىنىڭ ئالدىغا، بوينىنى قازىنىڭ مەزلۇمىنىڭ ئالدىغا، ئىككى قانىتىنى ئىككى ئوغلىنىڭ ئالدىغا، ئىككى پۇتىنى ئىككى چاكارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، قالغان تۆش قىسمىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. قازىنىڭ خوتۇنى رازى بولماي:

ــ جانابىي مېھمان، بۇ تەقسىمات باراۋەر بولمىدى، ــ دەپتۇ. مەھەممەت رازى:

ــ «ئىررەئىسۇبىررەئىسى[1]» دىگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا

① ئىررەئىسۇبىر رەئىسى ــ كىشى كىشىنىڭ بېشىنى كەسكەن (ئۆلتۈرگەن) بولسا، ئۆلتۈرگۈچى (قاتىل)نىڭ بېشىنى كېسىش لازىم، دىگەنلىك بولۇپ، بۇ يەردە باشقا باش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

مۇۋاپىق، پۈتۈن خەلقئالەم كۆرسىمۇ قوبۇل قىلغۇدەك تەقسىم قىلدىم. باشقا بېشىنى قويدۇم، چۈنكى قازى ئاخۇنۇم باشىدۇرلەر؛ سىزگە بويىنىنى قويدۇم؛ ئىككى ئوغلىڭىزغا قانىتىنى، چۈنكى باشتىن كېيىن بويۇن تۇرغىنىدەك، قازىدىن كېيىن ئوغۇل تۇرىدۇ، ئوغۇل ئاتا ـ ئانىنىڭ قانىتى؛ ئىككى قۇلىڭىزغا ئىككى پۇتىنى قويدۇم، ئۇلار چېپىپ يۈرۈپ خىزمەتكارلىق قىلىدۇ؛ مەن سىزگە مېھمان، مېھمانغا ئۇچا تارتماق رەسىمدۇر، — دەپتۇ. قازى بىلەن خوتۇنى دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمەپتۇ. قازى كۆڭلىدە مەھەممەت رازىنىڭ پاراستىگە قايىل بوپتۇ، ئۇنى خاسىيەتلىك بىر كىشى چاغلاپتۇ. شۇڭا ئۇ، مۇشۇنداق چوڭقۇر پىكىرلىك* ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت بولسا، كىشىنىڭ ئەقلى زىيادە بولىدۇ، دەپ ئويلاپ، مەھەممەت رازىنى يەنە بىر كېچە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ قوندۇرۇپ قاپتۇ. قازى ئۆزىنىڭ ھېچنېمىگە كارغا كەلمەيدىغان جۈرئەتسىز، لەقۋا ئىكەنلىكىدىن ئۆكۈنۈپتۇ. ئۇ ياماندىن قورقۇپ، ياۋاشنى ئانىي تېپىپ، ھۆكۈمدە ھەققانىي گەپ قىلغۇچى ۋە لىللا تۇرغۇچى بولماي، ئەكسىچە ھەقىقەتنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، نۇرغۇن ئادالەتسىزلىكلەرنى قىلغانلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان يەپتۇ. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ ئېچىنغان ھالدا، مەھەممەت رازىغا:

— بۇرادەر، نېمە بولسا بولدى، لېكىن سىز مېنى ھەقىقەت دەرۋازىسىدىن ئادالەت مىزانى مەيدانىغا ئېلىپ كىردىڭىز، — دەپتۇ. قازى بىلەن مەھەممەت رازى بىر ـ بىرىگە قول بېرىشىپ مەڭگۈلۈك دوست بولۇشۇپتۇ. مەھەممەت رازى قازىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، دوستلۇق مېھرىنى ئېلىپ خەيرلىشىپتۇ.

# ئارغىماق ماجىراسى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، تەكلىماكاننى قۇم باسمىغان، تۆ-
گىنىڭ بويىنىغا قوڭغۇراق ئاسمىغان چاغلاردا بىر پادىشاھ
بولغانىكەن. بۇ پادىشاھ يۇرتنى ئەدلى - ئادالەت بىلەن سورى-
غاچقا، شەھەر ئەتراپىنى مۇستەھكەم سېپىل - قەلئەلەر بى-
لەن ئورىغاچقا، ئەلنى ھەرقانداق باسقۇنچى، ئوغرى - يالغاچ-
نىڭ قەستىدىن تورىغاچقا، خەلقى پاراۋانلىقتا، مال -
ۋارانلىرى كەڭ كەتكەن يايلاق ۋە ئورمانلىقتا خاتىرجەم ياشاي-
دىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ زېمىنى شۇنچىلىك كەڭ ئىكەنكى، ئۇ
پايتەختنى ئىككى ئورۇندا قۇرۇپ، يازلىقى بىرىدە، قىشلىقى
يەنە بىرىدە تۇرۇپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ يۇرت سورايدىكەن.

بىر يىلى كۈزدە شاھ يازلىق پايتەختتىن قىشلىق پاي-
تەختكە يۆتكىلىپتۇ، يول بويى شىكار قىلىپ، ئۆزىگە نۇر-
غۇن مۇلازىملارنى ھەمراھ - يار قىلىپ، مەھەللە - ئايماقلار-
نى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ياخشىلارغا ئىنئام بېرىپ - تارتۇقلاپ،
يامانلارنىڭ ھاياتلىق شامىنى ئۆچۈرۈپ مېڭىپتۇ.

شاھ تۇلپار - ئارغىماقلارغا ھەۋەسمەن كىشى ئىكەن،
بەيگە قىلىش ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىشى ئىكەن،
شۇڭا ئۇنىڭ بەگ - سىپاھلىرى ئىچىدە بەيگە خۇمار چە-
ۋەندازلار تولا ئىكەن. ئاشۇ بەگ - سىپاھلارنىڭ ئارىسىدا

كېرىمهاجى ئىسىملىك بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئارغىمىقى باش-
قىلارنىڭكىدىن خوپ ئەلا، رەڭگى قۇلا ئىكەن. كېرىمهاجىنىڭ
قۇلا ئارغىمىقى چېپىشقا چۈشسە، قاناتلىق قۇشمۇ كەينىدە
قالىدىكەن، بۇ ئات ھەر دائىم بىرىنچىلىكنى ئالىدىكەن، شۇ-
ڭا ئارغىماقنىڭ ئىگىسى ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلماي،
شاھنىڭ قېشىدىلا ماڭىدىكەن.

شاھ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەردە ئاشۇنداق بىر ئارغى-
ماقنىڭ بولغانلىقىدىن سۆيۈنىدىكەن، كېرىمهاجىغا ئات تۇپەيى-
لىدىن مەرھەمىتىنى ئايىمايدىكەن، ئىلتىپات كۆرسىتىدىكەن
ۋە كۆيۈنىدىكەن. ئەمما، كېرىمهاجى دېگەن بۇ كىشى قىزىل
كۆز، ئىچى يامان، نەپسانىيەتچى ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ بۇنداق
ئىللەتلىرىنى پادىشاھ بىلمەيدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ گەپلىرىگە،
تىل ياغلىما سۆزلىرىگە بىگۇمان ئىشىنىدىكەن.

كېرىمهاجى ئارغىماقنى چاپتۇرۇپ، پادىشاھنى ئۆزىگە
ياقتۇرۇپ، ئالدامچىلىقىنى بىر مەزگىل ئاقتۇرۇپ تۇرسۇن.
ئەمدى گەپنى شاھنىڭ سەپىرىدىن ئاڭلايلى:

شاھ بەگ ــ سىپاھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بىرنەچچە كۈن
يول يۈرۈپتۇ. ئۇ بىر مەنزىلگە يەتكەندە، ۋاقىت پېشىندىن
ھالقىپ ئۆتكەندە كېرىمهاجىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن دەم ئې-
لىشقا توختايدىغان، كېچىسى مۇشۇ يەردە ئۇخلايدىغان بولۇپ
قونالغۇ راسلاپتۇ.

شاھنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان يۇرت كاتتىلىرى
دەرھال ھاردۇق سوراشقا كېلىشىپتۇ، يولدا كەلگۈچە تون ـ
يەكتەكلىرىنىڭ پېشىگە پۇتلىشىپ نەچچە يەردە يىقىلىشىپتۇ،
ئاتلىقلار ئۇزاپ كېتىپتۇيۇ، پىيادىلەر ئارقىدا قېلىشىپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، شاھ ھۇزۇرىغا نۇرغۇن خالايىق جەم بوپتۇ.

شاھنىڭ ئالدىغا چىققانلار ئىچىدە داۋۇتقارىي ئىسىملىك

كاتتا بىر بايمۇ بار ئىكەن. داۋۇتقارىي بۇ يۇرتنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مۆتىۋەرلىرىدىن ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنىڭ ساۋاتى تولۇق، نامىشەرىپى ئۇلۇغ، ئالىقىنى كەڭ، ئۆيى ھەرقانداق مېھمانغا دەڭ، بايلىقى پادىشاھقا يېتەلمىسىمۇ، ۋەزىرئەزەمگە تەڭ كىشى ئىكەن. داۋۇتقارىينىڭ كەڭرى كەتكەن تېرىلغۇ يېرى، يايلىقى، قوي ـ قوزا، ئات ـ كالىلىرى بولۇپ، تېخى يېقىندىلا يايلاقتىكى بىر بايتىلى قۇلۇنلاپتىكەن. يېڭى تۇغۇل- غان تاي شۇنچىلىك چىرايلىق ئىكەنكى، رەڭگى ئوتقاشتەك، تۇكلىرى سۇزۇك قاشتاشتەك، بويىنى ئىنچىكە، پۇتلىرى مەز- مۇت، كۆزلىرى چاقناقكەن. تاي ھەپتىلەپ ئەمەس، كۈنلەپ بوي تارتىپ ئۆسكىلى باشلاپ، كونا موي ـ تۇكلىرىنى تاشلاپ، قەددى ـ قامىتىنى تۈزەپ شاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئارغى- ماق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىۋاتقان مەزگىلدە شاھ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىكەن.



داۋۇتقارىي شاھ بىلەن سالام ـ سەھەت قىلىشىپ، كۆ-
رۈشۈش رەسمىيەتلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ناھايىتى تۆ-
ۋەنلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىپ، شاھ پايە ـ قەدىمىنىڭ ئۆز
خانىدانىغا تەشرىپ قىلىنىشىنى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ ۋە بۇ
بەختكە مۇيەسسەر بوپتۇ. داۋۇتقارىي قويدىن پاقلان، ئۆچكىدىن
ئوغلاقلارنى ئۆلتۇرۇپ تونۇرغا تىقىپتۇ، توخۇدىن چۇجە، كەپ-
تەردىن باچكىلارنى زىخلارغا ئۆتكۈزۈپتۇ، ئاتتىن تاي، تۆگە-
دىن بوتىلاقلارنى داش قازاندا پۇتۇن پىشۇرۇپتۇ. قىسقىسى،
كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. زىياپەتتىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەڭ
سەرخىل، سەرخىل بولغاندىمۇ ھەر خىل ئەتىۋار نەرسىلىرىنى
پادىشاھىئالەمنىڭ كۆرۈپ تاماشا قىلىشى، ھۇزۇر ئېلىشى
ئۈچۈن سورۇنغا ئېلىپ كەپتۇ. ئېلىپ كېلىنگەن نەرسىلەر
ئىچىدە ھېلىقى تايمۇ بار ئىكەن. تاي ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقى
بىلەن ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىۋاپتۇ، ھەتتا
پادىشاھىئالەمنىڭ ئۈستۈن نەزەرىمۇ ھەيرانلىق يىپلىرى ئار-
قىلىق تايغا باغلىنىپتۇ. شاھنىڭ كەم سۆز لەۋلىرى ئېچىد-
لىپتۇ، ماختاش دۇردانىلىرى چېچىلىپتۇ. بۇ ھالنى، بولۇپمۇ
تاينىڭ تەسۋىردىن تاشقىرى قىياپىتىنى كۆرگەن كېرىمھاجى-
نىڭ قىزىل كۆزلۈك كېسىلى قوزغىلىپ، يۈرىكى ھەسەت
قوقاسلىرىدا پۇچىلىنىپتۇ. ئۇ نەپسانىيەتچىلىك خىياللىرىنى
كۆلكىسىگە يوشۇرۇپ، مۇددىئاسىنى ئارزۇ ئوتلىرىغا كۆمۈپ
پىشۇرۇپ، لەۋلىرى كۈلگەندەك قىلغىنى بىلەن، قاپاقلىرىنى
ئۈچۈرۈپ تۇرۇپ داۋۇتقارىيدىن سوراپتۇ:

— بۇ تاي ئۆزلىرىنىڭمۇ؟

— خوش، شۇنداق، ئۆز يىلقىلىرىمنىڭ ئارىسىدىكى باي-
تالدىن تۇغۇلغان.

— سىلىنىڭ يىلقىلىرىدا نەسىللىك ئارغىماق بارمىدى؟

— يوقسۇ، بۇ ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئادەتتىكى ئايـ-
غىردىن بوغاز بولغان بايتالدىن تۇغۇلدى ۋە ئارغىماق بولۇپ
يېتىشتى.

كېرىمھاجىنىڭ كۆتكىنىمۇ دەل مۇشۇنداق جاۋاب ئىكەن،
شۇڭا ئۇ داۋۇتقارىينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا پادىشاھنىڭ ئايىغىغا
يىقىلىپ، ئۇنىڭ ئېتەكلىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ پەرياد كۆتۈ-
رۈپتۇ:

— داد، پادىشاھىئالەم، مال ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلسا،
بۇ تاي ماڭا بۇيرۇلسا! چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئارغىمىقىمنىڭ
پۇشتى، ئۇ مېنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك...

كېرىمھاجى سەۋەبسىز ھېچقانداق مۆجىزىنىڭ بولمايدى-
غانلىقى، ئادەتتىكى ئاتتىن ئارغىماق تۇغۇلمايدىغانلىقى، ناۋادا
ئۆزىنىڭ ئارغىمىقى مەشرىقتە كىشنىمىگەن بولسا، مەغرىب-
تىكى بايتالنىڭ بوغاز بولمايدىغانلىقى، شۇڭا داۋۇتقارىينىڭ
ئۇ ئارغىماق بالىسىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرمەي قوتۇلالمايدى-
غانلىقى ھەققىدە ھە دەپ داۋراڭ سېلىپ، پادىشاھنى قايىل
ۋە كۆڭلىنى مايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ.

پادىشاھقىمۇ «ئادەتتىكى بايتالنىڭ بىكاردىن - بىكار
ئارغىماق قۇلۇنلىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ»غاندەك تۇيۇلۇپتۇ،
«مەشرىقتىكى ئارغىماقنىڭ كىشنىشى مەغرىبتىكى بايتالنىڭ
ئارغىماق تۇغۇشىغا سەۋەب بولغان بولسا ئەجەب ئەمەس» دەپ
ئويلاپتۇ. مۇھىمى، پادىشاھ كېرىمھاجىغا يېقىن، بىرى قولتۇق
بولسا، بىرى بىقىن بولۇپ ئۆتۈشكەچكە، ئۆز يېقىنىنىڭ
كۆڭلىنى ئاغرىتىشنى خالىماپتۇ، شۇڭا داۋۇتقارىينىڭ ئارغى-
مىقىنى كېرىمھاجىغا بۇيرۇپ بېرىپتۇ. شاھ ھۆكمىگە بىنائەن
كېرىمھاجى تاينى ئېلىپ كېتىپتۇ. داۋۇتقارىي بۇ ھۆكۈمگە
غىڭ قىلالمىغان بولسىمۇ، ئامراق نەرسىسىدىن ئايرىلىپ

قالغاچقا، ئۇنىڭ يېگىنى زەھەر، كىيگىنى كېپەن، دەسسىگىنى خوخا ـ تىكەنگە ئايلىنىپتۇ. نە ئامال؟ داۋۇتقارىي تەقدىرگە پۈتۈپتۇ، كۆڭۈل ئارامى يىتىپتۇ، ئارىدىن ئالتە ـ يەتتە ئاي ئۆتۈپتۇ.

داۋۇتقارىينىڭ نىياز ئىسىملىك ئەقىللىق، باتۇر بىر خىزمەتكارى بار ئىكەن. ئۇ خوجايىنىنىڭ يۈرىكى زەردابقا تو-لۇپ، چىرايى ئازاب ئىچىدە سولۇپ، كۈندىن ـ كۈنگە كەم سۆز بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىش قارارىغا كەپتۇ ۋە:

— سىلى ماڭا بىر دانە كۈمۈش نەيزە، بىر دانە قۇيۇچ نەيزە ياسىتىپ بەرسىلە، مەن ھېلىقى تايىنى قوللىرىغا قايـ تۇرغۇزۇپ بېرىشنىڭ ئامالىنى قىلاتتىم. نەيزىلەرنىڭ ئۇزۇن-لۇقى ئۈچ غۇلاچتىن كەم بولمىسا ... — دەپتۇ.

داۋۇتقارىي نىياز باتۇرغا ئىشىنىدىكەن، شۇڭا دەرھال ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ھەربىرى ئۈچ غۇلاچ كېلىدىغان ئىككى نەيزە تەيـ يار قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاقيول تىلەپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

نىياز باتۇر ئون نەچچە كۈن يول يۈرۈپ پايتەختكە — كېرىمھاجى پاشايدىغان شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپلا ئۆزى ئويلىغان پىلان بويىچە دەرھال ئىشقا كىرىـ شىپتۇ. ئۇنىڭ ئىشى پايتەختتىكى ئىتلارنى نەيزىلەپ ئۆلتۈ-رۈشتىن باشلىنىپتۇ. نىياز باتۇر كوچىمۇكوچا، ھويلىمۇھويلا ئارىلاپ يۈرۈپ نەدە ئىت كۆرسە، مەيلى ئۇ ئىگىسىز لالما ئىت بولسۇن، مەيلى كىشىلەرنىڭ زەنجىرلەپ باققان تايغانلىـ رى بولسۇن، ئىتلا بولسا ھېچقاندىقىنى ئاياپ ئولتۇرماپتۇ.

مەشرىق ئەھلى بۇ ئەھۋالنى دەرھال پادىشاھقا مەلۇم قىـ لىپ ئەرز سۇنۇپتۇ. پادىشاھ ياساۋۇللىرىنى چىقىرىپ، نىياز باتۇرنى تۇتۇپ كېلىپ سوراققا تارتىپتۇ:

— خەقنىڭ ئىتلىرىنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟

نىياز باتۇر قىلچە ھولۇقماي، پادىشاھنىڭ سوئاللىرىغا تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەي كېرەملىك شاھىم، جانغا ئەسقاتمايدىغان بۇنداق لالما ئىتلارنى باقاننىڭ نېمە پايدىسى؟ پايدىسى تەگمەيدىغان بۇ كالانپايلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكەن ياخشى ئەمەسمۇ!

— سەن بۇ ئىتلارنىڭ جانغا ئەسقاتمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟ — دەپتۇ شاھ.

— پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ نىياز باتۇر، — ئۆزلىرىگە مەلۇمكى، بىزنىڭ مەغرىب تەرەپلەردە توڭگۇز ئاپتى بەكمۇ ئېغىر. توڭگۇزلار قوناقلارنى چەيلەپ، ئېتىزلىقلاردا لەيلەپ، زەل - زىرائەتلەرنى بەربات قىلىدۇ، ئەل - يۇرت بۇ بىرىنېمىلەرنىڭ دەستىدىن ھەمىشە پەرياد چېكىدۇ. بۇ يىل توڭگۇزلار بەكمۇ ئەدەپ كەتتى. ئۇلار مەغرىب ئېتىزلىرىدا خالىغىنىچە ئايناقشىسا، مەشرىقنىڭ ئىتلىرى بۇ يەردە بەخىرامان ئويناقشىسا، كىممۇ چىداپ تۇرالايدۇ؟ مەن شۇ سەۋەبتىن بۇ يەرنىڭ ئىتلىرىنى جانغا ئەسقاتمايدىكەن دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، ئۆلتۈرۈشنى لايىق كۆردۈم...

— ھۇ... سارالڭ، — دەپتۇ پادىشاھنىڭ بىر تەرىپىمدە خۇشامەت قىلىپ تۇرغان كېرىمھاجى جاۋابەن، — مەغرىبتىكى توڭگۇزلارنىڭ خارتىلدىشىنى مەشرىقتىكى ئىتلار قانداق ئاڭلايدۇ؟ ئەقلىڭ جايىدىمۇ سېنىڭ؟! ...

— ئۇلۇغ شاھىم، — دەپتۇ نىياز باتۇر دەرھال، — كېرىمھاجىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىلا، ئەگەر ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بولىدىغان بولسا، مەشرىقتىكى ئارغىماق كىشنىسە، مەغرىبتىكى بايتال ئاڭلىيالارمۇ؟ بۇ كىشىنىڭ ئارغىمىقى مەشرىقتە كىشنەپ، مەغرىبتىكى بايتالنى بوغاز قىلىدىكەنۇ،

نېمىشقا بىزنىڭ يۇرتتىكى توڭگۇزلار خارتىلدىسا، بۇ يەردىكى ئىتلار ئاڭلىيالمايدىكەن؟! شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئوبدانراق ئويلاپ كۆرۈشىنى سورايمەن!

نىياز باتۇرنىڭ سۆزى كېرىمهاجىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆز ئالدىغا ئالتە ئاي بۇرۇنقى ئارغىماق ماجىراسى كەپتۇ ۋە شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ چوڭ خاتاغا يول قويغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. پادىشاھ ئەدلى - ئادالەتلىك ۋە مېھىر - شەپقەتلىك بولغاچقا، ھېلىقى خاتا ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئارغىماق بالىسىنى كېرىمهاجىدىن ئالدۇرۇپ نىياز باتۇرغا تاپشۇرۇپتۇ، داۋۇتقارىيغا ئۆزرىخاھلىق بىلەن تولغان بىر پارچە خەت ۋە نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى ئەۋەتىپتۇ.

ئارغىماق بالىسىنى كۆرگەن داۋۇتقارىينىڭ غەم - قايغۇسى تۈگەپتۇ، بۆلەكتىن ياشارغاندەك روھلىنىپتۇ. ئۇ نىياز باتۇرغا ئاپىرىن ئوقۇپ، نۇرغۇن ئىنئام بېرىپتۇ ۋە ئەل ئارىسىدا ئارغىماقنى چاپتۇرۇپ، كېيىنكى ئۆمرىنى ئەل بىلەن بىرگە بەختلىك ئۆتكۈزۈپتۇ.

# پادشاھ ھوشيار

زامانىنىڭ زامانىسىدا بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ھوشيار ئىكەن. پادىشاھ پەرزەنتلىرى تۇغۇلۇپ ئالتە ئاي بول-غۇچە ناھايىتى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، مىجەز - خۇلقىغا قاراپ ئىسىم قويىدىكەن. پادىشاھ ئۆمرىدە بەش ئوغۇللۇق بوپتۇ. چوڭ ئوغۇلنىڭ ئىسمى ئۇشلار، ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى ياتار، ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى قاتار، تۆتىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى پاتار، بەشىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى ساتار ئىكەن. ئۇشلار كىشىلەرنى ئورۇنسىز ماختايدىغان يالغانچى، ياتار ھورۇن، قاتار ئۆسەكچى، پاتار ھەسەتخور ئىكەن، ساتار بولسا ھەرقانداق ئىشتا پادىشاھنىڭ نامىنى ساتىدىكەن.

پادىشاھ ھوشيار يۇرتنى ناھايىتى ئادىل سوراپتۇ. خەلق ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ، ھەق سۆزلىسەك يىل ئۆتۈپ پادىشاھ قېرىپتۇ. بەش ئوغۇل بىر - بىرىگە بىلدۈرمەي، پا-دىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن ھەر خىل - ھەر ياڭزا ھىيلە - مىكىرلەردە بولۇپ يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى ئۇشلار پادىشاھ سارىيىنىڭ ئالدىدىكى قۇرۇپ قالغان تېرەككە يېشىل رەڭ سۈركەپ قويۇپ كېتىپتۇ. ئەتى-سى ياتار بىر تال يوپۇرماقلىق نوتىنى تېرەكنىڭ قوۋزىقىغا

سانجىپ قويۇپ كېتىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى قاتار ياتارنىڭكىدىن چوڭراق يوپۇرماقلىق نوتىنى سانجىپ قويۇپ كېتىپتۇ. تۆ-تىنچى كۈنى پاتار بىر تال يوپۇرماقلىق نوتىنى تېرەكنىڭ ئەڭ ئۈچىغا سانجىپ قويۇپ كېتىپتۇ. بەشىنچى كۈنى ساتار يىلتىزلىق بىر كۆچەتنى ھېلىقى تېرەكنىڭ يېنىغا تىكىپ قويۇپ كېتىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ئوغۇللىرىنىڭ ئۆزىدىن پادىشاھلىق تەختىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ ـ دە، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ئالدىغا چاقىرىپ ئەقلىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ.

پادىشاھ ئۇشلارنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— چوڭ بىر توپ توغراقنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ مۇھا-كىمە يۈرگۈزۈۋاتقان تالىپلار: «ئەگەر ئۇستىمىزدىن بىر تال تۇخۇم چۈشسە، نېمىنىڭ تۇخۇمى دەيمىز؟» دېيىشىپ بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىپتۇ. سېنىڭچە، نېمىنىڭ تۇخۇمى دېيىش كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇشلار:

— توخۇنىڭ تۇخۇمى دېيىش كېرەك، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— جاۋابىڭ توغرا ئەمەس، — دەپتۇ. ئۇشلار:

— ئۇنداق بولسا، توغراقنىڭ تۇخۇمى دېيىش كېرەك، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ھەر ئىككى جاۋابىڭ توغرا ئەمەس. توخۇنىڭ ئىگىسى كې-لىپ: «توخۇيۇم نەگە كەتتى؟ توخۇنىڭ تۇخۇمى ئىكەنلىكىنى بى-لىسەنۇ، توخۇيۇمنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟» دەپ يې-پىشىۋالسا، قانداق قىلىسەن؟ توغراقنىڭ تۇخۇمى دېيىش تې-خىمۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئەلمىساقتىن بېرى توغراقنىڭ تۇ-خۇم تۇغقىنىنى كۆرگەن ئادەم بولغان ئەمەس، — دەپتۇ. ئۇشلار:

— ئۇنداقتا توغرا جاۋاب نە بولۇر؟ — دەپتۇ. پادىشاھ:

— بۇ جاۋابنى بىلەي دېسەڭ، شەرقىمىزدە، ئۈچ كۈنلۈك



يەردە بىر دېھقان بار، شۇنىڭدىن سورا، لېكىن دېھ-قاننىڭ شەرتىنى تولۇق قوبۇل قىلد-شىڭ كېرەك، — دەپتۇ.

ئۇشلار ھېلىقى دېھقاننى ئىزدەپ شەرققە قاراپ راۋان بوپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ ياتارنى چاقىرىپ:

— بالام، بۈگۈن بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىن بىر مۈشۈك، بىر ئېشەك، بىر تۆگەمنى ئۆلتۈردى، دەپ ئەرز قىلىپ كەلدى. ئەرز قىلغۇچى پاكىت ئۈچۈن مۈشۈكنىڭ پۇ-تىنى، ئېشەكنىڭ قۇلىقىنى، تۆگىنىڭ تۇمشۇقىنى ئېلىپ كەپتۇ. بۇ دەۋانى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ — دەپ-تۇ. ياتار ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ زادىلا تاپالماپتۇ ۋە:

— جاۋابى نە بولۇر؟ — دەپ پادىشاھتىن سوراپتۇ. پادىشاھ:

— غەربىمىزدە، ئۈچ كۆنلۈك يەردە سۇلايمان دېگەن ئو-تۇنچى بار، ئۇنىڭ پۇتۇن شەرتىنى ئادا قىلساڭ، ھاجىتىڭ راۋا بولۇر، — دەپتۇ. ياتار غەربكە قاراپ يول ئاپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى پادىشاھ قاتارنى چاقىرىپ:

— بالام، جەنۇبىمىزدىكى بىر ئەلدە بىر يولۋاس بولۇپ، ئۇ بەكمۇ يىرتقۇچ ئىدى، كېچە - كۈندۈز كىشىلەرگە تەھدىت سېلىپ زادىلا ئارام بەرمىگەنىدى. كېيىنچە بۇ يولۋاس زادىلا خى-رىس قىلماس بوپتۇ. بۇ ئەلنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تەدبىرى نە بولغان؟ — دەپتۇ. قاتار ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ. پادىشاھ قاتارغا:

— جەنۇبىمىزدا، ئۈچ كۈنلۈك يەردە بالا تەربىيىلەۋاتقان

بىر خەلپەتنىڭ مۆشكۈلىنى ئاسان قىلىپ دۇئاسىغا مۇيەسسەر بولساڭ، زېھنىڭ كامال تاپقاي، — دەپتۇ. قاتار جەنۇبقا قاراپ سەپەر قىپتۇ.

تۆتىنچى كۈنى پادىشاھ پاتارنى چاقىرىپ:

— شىمالىمىزدىكى بىر ئەلدە يۈزمىڭ ئاھالە بولۇپ، بەكمۇ تارقاق ياشايدىكەن. بۇ ئەلدە پەقەت بىرلا تاۋۇز بولۇپ، پادىشاھ ئۇنى تىلىپ پۇقرالارنى تاۋۇز يېيىشكە تەكلىپ قىپ-تۇ. بىر ئايغىچە پۇقرالارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەپتۇ، لېكىن تا-ۋۇز تۈگىمەپتۇ، پۇقرالارنىڭ ھېچقايسىسى تاۋۇز جېدىلى قىل-ماپتۇ. ھۆكۈمران تاۋۇز يېيىشتە پۇقرالارغا قانداق شەرت قويى-غان؟ — دەپ سوراپتۇ. پاتار سوئالنى ئاڭلا - ئاڭلىمايلا، جاۋاب تېپىش ئۈياقتا تۇرسۇن غەمگە پېتىپتۇ. پادىشاھ:

— دىيارىمىزنىڭ ئۈچ كۈنلۈك شىمالىغا بېرىپ ئەقىل چوققا دېگەن ئادەمگە بەيئەت قىلساڭ، ئارمىنىڭغا دەرمان بولغۇدەك جاۋابقا ئېرىشىسەن، — دەپتۇ. پاتار شىمالغا قاراپ سەپەر قىپتۇ.

بەشىنچى كۈنى پادىشاھ ساتارنى چاقىرىپ:

— بۇرۇن بىر ئەلدە ئىنتايىن ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ئاشلىق پۈتۈنلەي تۈگەپ، خەلق ياۋا كۆكتاتلارنى يەپ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. پەقەت پادىشاھ ئور-دىسىدا بىرلا توقاچ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۇنى ئۆزى يەۋېلىشقا كۆڭلى ئۇنىماپتۇ، بىرەرىگە يەڭ ئىچىدە بېرىۋەتسە ئادالەت-سىزلىك بولغۇدەك، بۆلۈپ بەرسە ھېچكىم تويمىغۇدەك، شۇ ئەھۋالدا ئۇنى پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسىگە بېرىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى يەپتۇ. پادىشاھ قانداق ئۇسۇل قوللانغان؟ — دەپ سوراپتۇ. ساتار بېشىنى تاتىلاپ، ھېچقانداق جاۋاب تاپال-ماپتۇ. پادىشاھ:

— نېرى تاغقا بارساڭ بىر پادىچى بوۋاي بار. شاھزادى-

لىك تونۇلۇش سىلىنسا، سالىمىڭ ئىلىك ئىلىنسا، جاۋابقا مۇ-يەسسەر بولارسەن، — دەپتۇ. ساتار بوۋاينى ئىمزەپ نېرى تاغقا كېتىپتۇ.

پادىشاھ تەمەخور تەخت ۋارىسلىرىنى كۆزدىن نېرى قىلىپ، يۇقراچە كىيىنىپ، شەھەر ئارىلاپ كىشىلەرنىڭ سۆز-ھەرىكى-تىنى كۆزىتىپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ دىققىتىنى بىر موزدۇز-نىڭ شاگىرتى جەلپ قىپتۇ. موزدۇزنىڭ ئون نەچچە شاگىرتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك بىرى يىپنى ناھايى-تى پىششىق ئېشىدىكەن. پادىشاھ ئۇنىڭ سەممىي ۋە ئەستا-يىدىللىقىغا قايىل بولۇپ، ئۇنى كۆزىتىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ موزدۇزخانىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە، بىرى كېلىپ ھېلىقى شاگىرتقا شەرق تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئۆيۈڭلارغا ئوت كەتتى» دەپ تۇرۇشىغا، يەنە بىرى كېلىپ: «غەربىي دەرۋازىدىكى بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىنى سۇ بېسىپ كەتتى» دەپتۇ. شاگىرت بالا ئۆز ئۆيى تەرەپكە يۈگۈر-مەي، غەربىي دەرۋازىدىكى تۇل خوتۇننى قۇتقۇزۇشقا مېڭىپتۇ. ھەممىسىدىن بۇرۇن يېتىپ بارغان شاگىرت بالا تۇل خوتۇننى ھاپاش قىلىپ، سۇدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن پادىشاھ بۇ شاگىرتنىڭ باشقىلارغا غەمگۇزار-لىقىدىن تەسىرلىنىپتۇ ۋە ئۇنى كۆزىتىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ موزدۇزخانىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە، بىر مۇتتەھەم كېلىپ بۇيرۇتقان ئۆتۈكنى ئاپتۇ-دە، پۇل تۆلىمەي مېڭىپتۇ. شاگىرت پۇل تەلەپ قىلسا، مۇتتەھەم: «تۆلىدىم» دەپ، شاگىرتنىڭ گېپىگە پىسەنتمۇ قىلماي كېتى-ۋېتىپ تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، قولىنى سۇندۇ-رۇۋېلىپ پەرياد چېكىپتۇ. شاگىرت ئۇنى يۆلەپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپتۇ-دە، سۇنۇقچى چاقىرىپ كېلىپ تاڭدۇرۇپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭ قارنى ـ كۆكسىنىڭ كەڭلىكىنى، يۇرتىنى سوراشقا قادىرلىقىنى مۆلچەر قىلىپ، ئەتىسى ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ.

پادىشاھ شاگىرتتىن ئۇشلاردىن سورىغان سوئالنى سوراپتۇ. شاگىرت:

— توخۇنىڭ تۇخۇمى دېيىشكە بولمايدۇ، چۇنكى بىز توخۇنى كۆرمىدۇق، توخۇنىڭ ئۇۋىسىز توغراقتا تۇغۇشى مۇمكىن ئەمەس. توغراقنىڭ تۇخۇمى دېيىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ، ئەزەلدىن توغراق تۇخۇم تۇغقان ئەمەس. بۇ يەردە تۇخۇممۇ مەۋجۇت ئەمەس، «ئەگەر ئۇستىمىزگە تۇخۇم چۇشسە» دېگەن شەرتلا مەۋجۇت، — دەپتۇ.

پادىشاھ شاگىرتتىن ياتاردىن سورىغان سوئالنى سوراپتۇ. شاگىرت:

— ئەرز قىلغۇچى مۇتتەھەم، ئەرز قىلىنغۇچى كىچىك بالىكەن. بالىنىڭ بىخەستەلىكتىن ئۆلتۇرۇپ قويغىنى توشقان بولۇپ، توشقاننىڭ پۇتى مۇشۇككە، قۇلىقى ئېشەككە، تۇمشۇقى تۆگىگە ئوخشايدۇ، ئەرز قىلغۇچى مۇشۇ ئوخشاشلىقتىن پايدىلانغان، — دەپتۇ.

پادىشاھ شاگىرتتىن قاتاردىن سورىغان سوئالنى سوراپتۇ. شاگىرت:

— بۇ ئەلدىكى ھۆكۇمدارلار ئامال بار يولۋاسنىڭ تۇكىنى يېتىشىغا سىلىغان، شۇنىڭ بىلەن دۇشمەنلىشىشنى توختاتقان ياكى ئۇلار باشقا جايدىن باشقا بىر يولۋاسنى ئەپلەپ ئېلىپ كەلگەن، ئىككى يولۋاس ئۆزئارا خىرىس قىلىشىپ، ئادەملەرنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان، — دەپتۇ.

پادىشاھ شاگىرتتىن پاتاردىن سورىغان سوئالنى سوراپتۇ. شاگىرت:

— بۇ ئەلدە ئاھالە تارقاق ئولتۇراقلاشقان، ئالدىدىكىلەر كېلىپ تاۋۋزنى يەيلى دېسە، «تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن يەرگە، جەم بولغاندا يېگۈلۈك» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز يېزىلغان، ئالدىدىكىلەر كەينىدىكىلەرنى كۈتۈپ - كۈتۈپ كېتىپ قالغان. كەينىدىكىلەر ئالدىدىكىلەر بىلەن جەم بولالمىغان. شۇ سەۋەبلىك تاۋۋز يەنە ئېشىپ قالغان، ھېچكىممۇ تاۋۋز جېدەللى قىلالمىغان، — دەپتۇ.

پادىشاھ شاگىرتتىن ساتاردىن سورىغان سوئالنى سوراپتۇ. شاگىرت:

— بۇ بىر توقاچنى پادىشاھ بىر چاقىرىم يەرگە قويۇپ، كىم بۇرۇن بارسا شۇ ئالسۇن، دېگەن شەرت بىلەن ھەممىنى يۈگۈرتكەن، يۈگۈرگەنلەرنىڭ پەقەت بىرىلا بىرىنچى بولۇپ بېرىپ توقاچنى ئالغان، قالغانلىرى دەۋا قىلاي دېسە، پادىشاھ ئېلىشۋال، دەپ قويۇپ قويغىنى راست، ئالالمىغان گۇناھ ئۆزىدە، شۇڭا ھېچكىم نارازى بولمىغان، — دەپتۇ.

پادىشاھ شاگىرتنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ، شاگىرتنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپتۇ، ئۆزى كېيىنكى ئىشلاردىن خاتىرجەم بوپتۇ.

بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن بەش ئوغۇل تەرەپ - تەرەپتىن قايتىپ كېلىپ، ئاتىسىدىن پادىشاھلىقنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا:

— يېڭى پادىشاھنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا كۆرۈنۈڭلار، بىرەر ھارۋىغا چاق بولۇپ قالساڭلار ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ. ئوغۇللار:

— شۇنچە رىيازەت چېكىپ چاق بولىدىغان بولساق، بۇ يەتكىلى بولمايدىغان مەنزىل ئىكەن، — دەپ پادىشاھلىق تەمەسىدىن ئۇزۇل - كېسىل ۋاز كېچىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاقىللارنى ئىشقا قويۇش شۇنىڭدىن قالغانمىش.

# مىراس

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، توخۇ چىرىم غاجىلىغان، تۇمۇچۇق ئۆگزە تاتىلىغان زامانلارنىڭ بىرىدە بىر بوۋاينىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بوۋاي قېرىپ يېشى سەكسەندىن ئاشقاندىن كېيىن، پۇت ـ قولىدا ماغدۇرى قالماي باللىرىنىڭ بېقىشىغا موھتاج بولۇپ قاپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن باللىرى دادىسىنى بېقىشتىن زېرىكىپ، بىر ـ بىرىگە بەس سالىدىغان بولۇپ قېلىشىپتۇ. بەزىدە ھېچقايسى بالىسى دادىسىغا بىرەر نانمۇ ئەكېلىپ بەرمەي، بوۋاي كۈن ـ كۈن ئاچ قالىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئاخىردا بوۋاي ئاجىزلىشىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. بوۋاي ئۆزىنىڭ بىئىلاج بولۇپ خارلىققا قالغانلىقىنى بىلىپ، بىر كۈنى چوڭ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، سەن باللارنىڭ چوڭى، مەندىن ئوبدان خەۋەر ئال، سەن مېنى ياخشى باقساڭ، ئۇكىلىرىڭمۇ ماڭا كۆيۈنىدىغان بولىدۇ، كۆزۈم يۇمۇلماي تۇرۇپ سىلەر مېنى تاشلىۋەتسەڭلار، باللىرىڭلارمۇ سىلەرگە شۇنداق قىلىدۇ. مېنىڭ بەش كۈنلۈكۈم قالدى، مەن ساڭا ئوبدان دۇئا قىلىپ قوياي، كېيىنچە ياخشى كۈن كۆرىسەن. ساڭا ئوبدان بىرنەرسە قالدۇرىمەن، مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئۆينىڭ ئوڭ بۇلۇڭىنى كولاپ

تېپىۋالارسەن، — دەپتۇ. ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئوغۇللىرىغا-مۇ يۇقىرىقى ۋەسىيەتلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئىككىنچىسىگە: «كۇلۇڭنى كولارسەن»، ئۈچىنچىسىگە: «سول بۇلۇڭنى كولارسەن» دەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئوغۇللىرى دادىسىغا ياخشى غىزالارنى بېرىپ، بەس - بەس بىلەن ياخشى خەۋەر ئېلىشقا باشلاپتۇ.

ئارىدىن ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن بوۋاي كۆز يۇمۇپتۇ. ئاڭغىچە بوۋاينىڭ ئۈچ ئوغلى دادىسىنى ياخشى بېقىپ دادىسىدىن ياخشى نەرسە مىراس ئېلىۋېلىش كويىدا،ئۆز ئۆيىدىكى پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنى سېتىپ بولۇپ خېلى نامراتلىشىپ قالغانىكەن. بىر كۈنى چوڭ ئوغلى ئۆينىڭ ئوڭ بۇلۇڭىنى كولىغانىكەن، بىردانە داپ چىقىپتۇ. ئۇنى كۆرۈپ ئۆزىگە قالدۇرۇلغان مىراسنىڭ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان يىرتىق داپ ئىكەنلىكىگە نارازى بولۇپ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپتۇ ۋە ئويلىنىپ، مەن دادامنىڭ دۇئاسىنى كۆپ ئالغان، بۇ داپتا بىرەر بەرىكەت بولۇشمۇ مۇمكىن، بۇنى جاھاننىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا ئاپىرىپ كۆرۈپ باقاي، دەپتۇ، ئۆيگە بېرىپ خوتۇن - بالىلىرىغا تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، تەۋەككۈل دەپ داپنى قويىنىغا سېلىپ سەپەرگە چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ، شۇنداق يول يۈرۈپ بىر كۈنى غىڭ ساي-



ىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر كونا تۇگمەننىڭ قېشىغا كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ قاپتۇ. چوڭ ئوغۇل ئۇخلاش ئۈچۈن تۇگمەننىڭ سۇكىنىگە كىرىپ يېتىۋاپتۇ. بۇ تۇگمەن بىرقانچە يىللاردىن بۇيان تاشلىنىپ قالغان كونا تۇگمەن بولغاچقا، ھەر كۈنى كېچىسى چۆلدىكى قومۇشلۇقتىن ياۋا توڭگۇزلار كېلىپ تۇگمەننىڭ خامپىسىنى يالايدىكەن. بۇگۈن كېچىمۇ بىرقانچە توڭگۇز كېلىپ خامپىنى يالاشقا باشلاپتۇ. توڭگۇزلارنىڭ خارت - خۇرت قىلغان ئاۋازىدىن قورقۇپ كەتكەن چوڭ ئوغۇل داپنى شۇنداق بىر تاراڭلاتقانىكەن، ياۋا توڭگۇزلار قورقۇنچلۇقتا قالايمىقان يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ تۇگمەننىڭ ئىشىكىنى ئېتىپ قويۇپتۇ. چوڭ ئوغۇل قورقۇپ داپنى تېخىمۇ بەك چالغانسېرى توڭگۇزلار شۇنچە سەكرەشكە باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تاڭ ئېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا بۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كارۋانلار بۇ كونا تۇگمەندىكى داڭگا - دۇڭگا ئاۋازنى ئاڭلاپ نېمە ئىش بولدىكىن دەپ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشىگە، قورقۇپ ھالى قالمىغان ياۋا توڭگۇزلار گۈلدۈرلىشىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ چوڭ ئوغۇل سۇكەندىن سەكرەپ چۈشۈپ كارۋان بېشىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ:

— مەن بۇ توڭگۇزلارغا پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگىتىۋاتقىنىمغا بۈگۈن قاق ئوتتۇز توققۇز كۈن بولغانىدى، ئەتە قىرىق كۈن بولاتتى. ئەتە پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ ئۇسسۇل ئوينىتىپ ئىنئام ئالاتتىم. سەن پادىشاھنىڭ توڭگۇزلىرىنى قاچۇرۇۋەتتىڭ، يا توڭگۇزنى تۇتۇپ ئەكېلىپ بېرىسەن، يا بولمىسا، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارىمىز، — دەپتۇ. كارۋان بېشى پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن قورقۇپ:

— نېمە ئالسىلا بېرەي، غوجام، مېنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپارمىسىلا، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بوۋاينىڭ

چوڭ ئوغلى كارۋانلارنىڭ قىرىق ئات - قېچىردىكى پۇل - ماللىرىنى غەنىيمەت ئېلىپ، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ راھەت - پاراغەتتە كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئاكىسىنىڭ مۇنداق ئاسان باي بولۇپ قالغانلىقىنى كۆر-گەن ئوتتۇرانچى ئىنىسى ئاكىسىدىن بۇ ئىشنىڭ سىرىنى سوراپتۇ. ئاكىسى دادىسىدىن مىراس قالغان كونا داپنىڭ خا-سىيىتىدىن شۇنداق بولغانلىقىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىگە ۋەسىيەت قالدۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، دەرھال ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتمەن بىلەن كۈلۈڭنى كولاشقا باشلاپتۇ. كۈلۈڭدىن بىر دانە تۈگمەن تېشى چىقىپ-تۇ. تاشنى كۆرۈپ، ئۇمۇ: «ۋاي شور پېشانەم» دەپ پېشانىسى-گە بىرنى ئۇرۇپ، تاشنىڭ تۆشۈكىدىن كۆلا ئۆتكۈزۈپ ئۆشنى-سىگە تېڭىپ يولغا راۋان بوپتۇ. بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، بىر كۈنى چوڭ سايلىق ياقىسىدىكى بىر تۈپ سەگۈ تېرەكنىڭ تۈ-ۋىگە كەلگەندە كەچ كىرىپ قاپتۇ، شۇ يەردە قونماقچى بوپتۇ ۋە تېرەك تۈۋىدە قونسا بۆرە يەپ كېتىشىدىن قورقۇپ تاشنى يۆدۈپ تېرەكنىڭ ئۇچىدىكى بىر ئاچىماققا چىقىپ ئولتۇرۇپ-تۇ. بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن بىر توپ قاراقچى تېرەك-نىڭ تۈۋىگە كېلىپ قازان ئېسىپ پولۇ ئېتىپ يېيىشىپتۇ. قاراقچىلار پولۇنى يەپ بولۇپ يۈك - تاقلىرىنى يېشىپ، تې-رەكنىڭ ئەتراپىدا ئۇخلىماقچى بولۇشۇپتۇ. دەل شۇ پەيتتە ئوتتۇرانچى ئوغۇل چۆرگىلىتىپ سىيگەنىكەن، ئۇنىڭ سۈيدۈ-كى غازاڭلارغا ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ خۇددى يامغۇر تامچىسى-دەك قاراقچىلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشكە باشلاپتۇ. قاراقچىلار: «ۋاي يامغۇر ياغدى» دېيىشىپ، ھەممىسى تېرەكنىڭ تۈۋىگە يىغىلىپ تۇرۇشۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئوتتۇرانچى ئوغۇل تۈگمەن تېشىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ. تاش ئۇلارنى بېسىپ

ئۆلتۇرۇپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇل قاراقچىلارنىڭ قىرىق ئات، قىرىق چىردىكى دۇنيادەپىنەلىرىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ياخشى كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئوتتۇرانچى ئاكىسىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان كەنجى ئوغۇل ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، كەتمەن بىلەن ئۆيىنىڭ سول بۇلۇڭىنى قازغانىكەن، بىر ئۇينىڭ قۇيرۇقى چىقىپتۇ. ئۇمۇ ئىككى ئاكىسىغا ئوخشاش ئۆيىگە بېرىپ خوتۇن ـ باللىرى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، ئۇينىڭ قۇيرۇقىنى خۇرجۇنغا سېلىپ كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ سەپەرگە چىقىپ كېتىپتۇ، كۆپ جايلاردىن ئۆتۇپ بىر كۈنى بىر يېزىغا يېتىپ كەپتۇ، قارىسا بىر ئادەم يەر ھەيدەۋاتقانىكەن، ئۇ ئادەم بىلەن گەپلىشىپ ئۇنىڭ باينىڭ ئورتاقچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇ ئادەم:

— سىلى يەر ھەيدەشنى بىلەملا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىلمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كەنجى ئوغۇل.

— ئۇنداق بولسا، مەن ئۆيگە بېرىپ چاي ئىچىپ كېلىۋالاي، سىلى يەرنى ھەيدىگەچ تۇرسىلا، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— ماقۇل، — دەپ، كەنجى ئوغۇل يەر ھەيدەشكە باشلاپتۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ قارىسى كۆزدىن يىتىشىگە ئۇينى قوشتىن چىقىرىپ يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمگە ئېلىشىغا سېتىپ پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ، خۇرجۇنىدىكى ئۇينىڭ قۇيرۇقىنى ئېلىپ يەرگە كۆمۈپ ئۇچىنى چىقىرىپ قويۇپ، خۇرجۇننى بېشىغا قويۇپ ئوڭدا يېتىپ ئۇخلاپتۇ. بىرھازادىن كېيىن ھېلىقى ئادەم قايتىپ كېلىپ قارىسا، ئۇيمۇ يوق، يەرمۇ ھەيدەلمىگەن. كەنجى ئوغۇلنى ئويغىتىپ: «ئۇي قېنى؟» دەپ سورىغانىكەن، ئۇ:

— سىلى كېتىپ ئۆزۈن قالماي ئۆينى يەر يۆتۈپ كەت-
تى، مانا ئۆنىڭ قۆيرۇقى. مەن يالغۇز تارتىپ چىقىرالمىدىم،
ئىككىمىز بىر بولۇپ تارتىپ چىقىرايلى، — دەپتۇ. ئىككىي-
لەن تارتقانىكەن، قۆيرۇق قولغا چىقىپتۇ، ئورتاقچى دېھقان
ئاللا - كاللا دەپ قاقشاپ ئۆيگە قايتىپ كېتىپتۇ. كەنجى
ئوغۇل بولسا ئورتاقچى دېھقاندىن سورىۋالغىنى بويىچە باينىڭ
ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ. باي ئۆيدە يوق ئىكەن. باينىڭ چىرايلىق
بوغماق خوتۇنىنى كۆرگەن كەنجى ئوغۇل:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاغىچا خېنىم، — دەپ سالام
بېرىپتۇ.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئۆزلىرى نېمە ئىش بىلەن كەل-
دىلە؟ — دەپ سوراپتۇ باينىڭ خوتۇنى.
— ئىشلەي دەپ كەلدىم، بىرقانچە كۈن تۇرۇپ ئىشلىرى-
نى قىلىپ بەرسەم، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل. باينىڭ خوتۇنى
ئۇنىڭغا بىر تۇلۇمدىكى ئارپا بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن
بۇغداينى ئايرىپ بېرىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى خىلمۇخىل غىزالار-
نى تەييارلاشقا كىرىشىپتۇ. كەنجى ئوغۇل بولسا ھويلىدا ئول-
تۇرۇپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن باينىڭ خوتۇنىنىڭ نېمە غىزا
ئېتىپ، ئۇنى قەيەردە قويغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.
كەچ كىرىپ باي قايتىپ كېلىپ بۇ يېڭى مەدىكار بىلەن
كۆرۈشكەندىن كېيىن، كەچلىك تاماق يېيىش ئۈچۈن داستىخ-
خانغا كەپتۇ. باينىڭ خوتۇنى باينىڭ ئالدىغا بىر ئاياق سوغۇق
سۇ بىلەن ئىككى دانە تېرىق زاغرىسىنى قويۇپ قويۇپتۇ. بۇ-
نى كۆرۈپ باي پۇشۇلداپ:
— تۇزۇكرەك تامىقىڭلار يوقمۇ؟ — دېسە، خوتۇنى:
— كەچ بولۇپ قېلىپ تاماق ئېتەلمىدىم، بۈگۈنچە مۇ-
شۇنى يېگەچ تۇرسىلا، — دەپتۇ.

ئەمدى بىر كەلىمە گەپنى كەنجى ئوغۇلدىن ئاڭلايلى:
كەنجى ئوغۇل ئارپا بىلەن بۇغداينى ئايرىۋېتىپ، باينىڭ ئۆيىـ-
نىڭ كەينىدىكى قوناقلىققا ئىستىۋارا قىلغىلى چىقىپ، ئۇ يەردە
بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ بىللە بولغانلىق ئالامەت - بەلگىلىرى-
نى كۆرۈپ قاپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن قورسىقىغا جىن كىرىپ يېرى-
نىپ كىرىۋاتسا، تام تۈۋىدە بىر توكۇر قاغىنىڭ ئۇچالماي پالاق-
شىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى قوينىغا سېلىۋالغانىكەن.
باينىڭ خوتۇنىدىن ھېلىقى گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،
كەنجى ئوغۇل ئاستاغىنا قوينىدىكى قاغىنىڭ قانىتىنى بىر
تارتقانىكەن، قاغا «قاق» دەپ توۋلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باي:
— بۇ نېمە؟ نېمىدەپ توۋلايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. كەنجى
ئوغۇل:
— باي ئاغا، بۇ ناھايىتى خىسلەتلىك جانىۋار، ئىسمى
«موللا تاپقاق». بۇ دەيدۇكى، ئاۋۇ كاتىنىڭ تۆپىسىدە داستىخان-
غا يۆگەپ قويغان ئىككى دانە قاتلىما، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئا-
ياق قېتىق بار، دەيدۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ باي خوتۇنىغا
دەرھال ئاچقىشنى بۇيرۇپتۇ. باينىڭ خوتۇنى بىرمۇنچە غو-
دۇڭشىپ قاتلىما بىلەن قېتىقنى ئاچىقىپ بېرىپتۇ. ئىككىيـ-
لەن راسا مەززە قىلىپ يېيىشىپتۇ. كەنجى ئوغۇل قاغىنىڭ
قانىتىنى يەنە ئىككى قېتىم تارتىپ، باينىڭ خوتۇنىنىڭ ئاش-
نىسىغا پىشۇرۇپ ساقلاپ قويغان يىگىرمە دانە تۇخۇم، بىر
توخۇنىڭ گۆشى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى داستىخان-
غا ئاچىققۇزۇپتۇ. باينىڭ خوتۇنى بۇ مەدىكارنى ئىچىدە مىڭ
قېتىم قارغاپتۇ.
ياتار ۋاقتى بولغاندا باينىڭ خوتۇنى كەنجى ئوغۇلغا ئۆي-
نىڭ بۇلۇڭ تەرىپىگە ئورۇن سېلىپ بەرمەكچى بولغانىكەن،
كەنجى ئوغۇل: «مېنىڭ كېچىدە تالاغا چىق چىقىدىغان كېسە-

لىم بار، ئىشىك تۈۋىدە ياتاي» دەپ ئۇنىماي ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ يېتىۋاپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي تازا خورەك تارتىپ قاتـتىق ئۇخلىغان بولۇۋاپتۇ. باي بولسا ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ھويلىغا بىر كىشى كىرىپ كەپتۇ. باينىڭ خوتۇنى بولسا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى كىشىنى ئاشخانا ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كېتىپتۇ ۋە:

— بۈگۈن سىلىگە بىرمۇنچە ياخشى تاماقلارنى ئېتىپ ساقلاپ قويغانىدىم، نەدىكى بىر پالاندى قەلەندەر كېلىپ بايغا چېقىشتۇرۇپ ھەممىنى يەۋەتتى. خاپا بولماي تۇرسىلا، ياغ چۆچۈتۈپ قۇيماق سېلىپ بېرەي، — دەپتۇ. قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشاپ ياتقان كەنجى ئوغۇل بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپتۇ. بىر چاغدا باينىڭ خوتۇنى قازاندىكى ياغنى قىزىتىپ قويۇپ ئوتۇن ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن تالاغا چىقىپ كېتىپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىغا چىقىپ، ئوچاق ئالـدىدا ئولتۇرغان ئادەمنى كەينىدىنلا قۇچاقلاپ قازاندىكى قىزىق ياغقا كاللىسىنى بېسىپتۇ. باينىڭ خوتۇنىنىڭ ئاشنىسى تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ، ئاندىن ئاشخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يۆلەكلىك تۇرغان بىر تاغاردىكى پورچاق ئۇنىغا ئۇنىڭ كاللىسىنى تىـقىپ قويۇپ، ئۆز ئورنىغا چىقىپ يەنە ئاۋۋالقىدەك خورەك تارتىپ يېتىۋاپتۇ. باينىڭ خوتۇنى تالادىن كىرىپ: «ۋاي ئادىـشىم، قورساقلىرى



ئېچىپ كېتىپ تاـغاردىكى ئۇننى يېـگىلى تۇردىلىمۇ؟» دەپ بېرىپ بىر تارتقانىكەن، پالاقـقىدە ئالدىغا يىقىـ

لىپ چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەن خوتۇن ئاستا-
غىنا كەنجى ئوغۇلنىڭ قېشىغا چىقىپ: «ۋاي جېنىم ئاكا،
بىر ئۆلۈك بار ئىدى، يىغىشتۇرۇشۇپ بەرگەن بولسىلا، ئانام-
دىن قالغان بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈكۈمنى بەرسەم» دەپ يال-
ۋۇرۇپتۇ. كەنجى ئوغۇل خوتۇندىن ئالتۇن بىلەزۈكلەرنى ئې-
لىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى ئۆلۈكنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چى-
قىپ كېتىپتۇ، باينىڭ ئېغىلدا ۋە ئاتخانىدا ئون نەچچە تۇياق
ياراق ئاتلىرى بار ئىكەن، ئۆلۈكنى سىرتقا ئاچىقىپ ياتقۇزۇپ
قويۇپ، ئاتخانىدىن بىر ئاتنى تۇتۇپ چىقىپ جابدۇپ، ئۆلۈك-
نى ئاتقا تېڭىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئاتنى قوي ئېغىلىغا سولاپ
قويۇپتۇ ۋە ئۆيگە كىرىپ:
— ۋاي باي ئاكا، قويلىرىغا ئوغرى چۈشۈپتۇ. ئىستىۋارا
قىلغىلى چىقىپ قارىسام، بىر ئوغرى ئاتقا مىنىپ قويلىرى-
نى ھەيدەپ كەتكىلى قوپقانىكەن، ئىشىكنى ئېتىۋېلىپ سى-
لىنى ئويغاتقىلى كىردىم، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باي دەر-
غەزەپ بولۇپ قولىغا كالتەك ئېلىپ ئېغىلغا كىرىپ:
— ۋۇ ھارام تاماق ئوغرى، — دەپ كالتەك بىلەن بې-
شىغا بىرنى ئۇرغانىكەن، «ئوغرى» ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.
بۇنى كۆرگەن كەنجى ئوغۇل:
— ھەي باي ئاكا، شەيتانلىرىغا ھاي بەرسىلە دېسەم، ئۇنىماي
بىر ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىلا، ئەمدى پادىشاھنىڭ ئالدىدا
نېمە دەيلا؟ — دەپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەت-
كەن باي كەنجى ئوغۇلغا ئېغىلدىكى بارلىق ماللىرىنى بېرىپ، بۇ
پېشكەللىكتىن ئاران قۇتۇلۇپتۇ. كەنجى ئوغۇل باينىڭ قويلىرىنى
ھەيدەپ، ئاتقا مىنىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، باللىرى بى-
لەن خۇشال - خۇرام كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. «ئاتاڭدىن مىراس
ئالغۇچە، دۇئا ئال» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# ئىككى باينى ئەپلىگەن مالاي

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر ساختىپەز باي ئۆتكەنىكەن. ئۇ مالايلىرىنى ھەر دائىم يىل ئاخىرىدا ساختىپەزلىك بىلەن قۇرۇق قول يولغا سالىدىكەن. بىر يىلى ئۇ باي بىر مالىيىغا:

— ھۇرۇنلۇق قىلماي، كۆچۈڭنى ئايىماي ئىشلەپ بەرسەڭ، سەن رازى بولغۇدەك ھەق بېرىمەن. ھازىر ئۇنى - بۇنى دېمەي ئىشلىگىن. گېپىمنىڭ تاشقا باسقان مۆھۈر ئىكەنلىكىنى ئېسىڭدىن زادى چىقارما، — دەپتۇ.

مالايمۇ ئىشقا كەلگەندە باينىڭ دېگىنىدىن ئاشۇرۇۋېتىپتۇ. بىر يىل ئۆتۈپتۇ، باي مالاينىڭ ھەققىنى بېرىدىغان كۈنلەرمۇ يېقىنلاپ كەپتۇ. ساختىپەز باي مالاينى چاقىرتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا:

— مەن سېنىڭدىن رازى، ھەققىڭ ھېسابىغا مۇشۇ بىر تال قوغۇن ئۇرۇقىنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ بېرەي، — دەپتۇ.

— ھەي باي ئاكا، بىر يىللىق ھەققىم ئۈچۈن بىر تال ئۇرۇق بەرسىلە قانداق بولىدۇ؟ ! — دەپتۇ مالاي. باي راسا خاپا بوپتۇ:

— ھەي قاپاقباش، بۇنى ئاز كۆرۈۋاتامسەن تېخى؟ سەن بۇ ئۇرۇقنى تېرىساڭ، كۈزلۈككە بولمىدى دېگەندە بىر قوغۇن ئالىسەن، ئۇنىڭدىن ئاز دېگەندە يۈز تال ئۇرۇق چىقىدۇ. ئۇنى

يەنە بىر ئەتىيازلىقى تېرىساڭ، كۈز بولغاندا كەم دېگەندە يۈز قوغۇن ئالىسەن، ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن يۈز تالدىن ئۇرۇق ئالىسەن... شۇنداق قىلىپ، ئون يىلدىن كېيىن بۇ ئەتراپتىكى ئەڭ چوڭ بايلاردىن بولۇپ قالىسەن، — دەپتۇ.

مالاي ئۇنداق دېسە، باي مۇنداق دەپتۇ. مالاي بۇ ساختىپەز بايغا زادى گەپ تېپىپ بېرەلمەپتۇ. مالاي چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، قوغۇننىڭ ئۇرۇقىنى ئالغان پېتى ساختىپەز باينىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپتۇ، ئۇرۇقنى ئەتىيازلىقى بىر تاشلاندۇق يەرگە تېرىپتۇ، پەرۋىش قىپتۇ، كۈزدە شۇنداق يوغان، پۇراپ تۇرغان قوغۇندىن بىرنى ئۈزۈپتۇ، ئۇنى ساتماقچى بولۇپ بازارغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. يولدا كېتىپ بارسا، ئۇنىڭغا بىر باي يولۇقۇپ قاپتۇ ـ دە:

— ھەي بالا، نەگە كېتىپ بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بازارغا، — دەپتۇ مالاي.

— قولۇڭدىكى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ باي. مالاي، قوغۇننى كۆرۈپ تۇرۇپ نېمىلىكىنى سورىغىنىغا قارىغاندا، تازا نادان باي بولسا كېرەك، شۇنداق بولسا، تەلەي دېگەن شۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە:

— بۇ دۆلدۆلنىڭ تۇخۇمى، قولۇمنىڭ يېرىپ چىقىدىغان ۋاقتى توشۇپ قالدى، خىجالىتىم بولغاچقا، ساتقىلى بازارغا كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ. ھېلىقى باي بۇ گەپكە ئىشىنىپ:

— ئۇنداق بولسا، ماڭىلا سېتىپ بەرسەڭ بولامدۇ؟ — دەپتۇ. مالاي بۇ باينىڭ راسا ئۆتۈپ كەتكەن نادانلىقىنى بىلىۋېلىپ:

— پۇللىرى يەتمەسمىكىن! — دەپ باينى قىزىقتۇرۇپتۇ.

— يېنىمدىكى تىللالىرىم بۇ دۆلدۆل تۇخۇمىغا يەتمىسە، پۈتۈن ۋەسلىمغۇ يېتەر، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ باي، — قېنى نەرخىنى دەپ باقمامسەن؟

— بازارغا ئەكىرسەم ئىككى يۈز تىللاغا ساتاتتىم، مەيلىلىرى بولسا سىلىگە يۈز تىللاغا بېرەي، — دەپتۇ مالاي. باي گەپ قىلمايلا ھەميانىدىن يۈز تىللانى ساناپ مالايغا بېرىپتۇ. مالاي «دۆلدۆل تۇخۇمى»نى بايغا سۇنۇۋېتىپ:

— بەك ئېھتىيات قىلسىلا، باي ئاتا، — دەپتۇ زاڭلىق ئارىلاش، — قوللىرىدىن چۈشۈپ كەتمىسۇن!

باي خۇشال ھالدا قوغۇننى چاپىنىغا ئاۋايلاپ ئوراپتۇ - دە، ئۆز يولىغا قاراپ كېتىپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ تاشقا پۇتلىشىپ كېتىپ، قولتۇقىدىكى قوغۇن چۈشۈپ كېتىپتۇ. قوغۇن دومىلاپ بېرىپ بىر تۈپ چىغنىڭ تۈۋىدىكى تاشقا ئۇرۇلۇپ، پارچە - پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. چىغ تۈۋىدە ياتقان توشقان قورقۇپ بىر سەكرەپتۇ - دە، ئۇچقاندەك قېچىپتۇ. نادان باي، بۇ چېقىلىپ كەتكەن دۆلدۆل تۇخۇمىدىن



چىققان قۇلۇن، دەپ ئويلاپ: «ھەي دۆلدۆلۈم، ھەي دۆلدۆلۈم، سەن مەندىن قاچمىغىن» دەپ ۋارقىراپ، ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. توشقان نادان باينىڭ قاتتىق ۋارقىراپ قوغلىشىدىن تېخىمۇ قورقۇپ، بەدەر قېچىپتۇ، ئاخىر كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

نادان باي پالاستەك سۆرىلىپ ئۆيىگە كەپتۇ، بولغان ئىشلارنى خوتۇ-

نغا دەپ بېرىپتۇ. خوتۇنى بايدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن نادان ئىكەن.

— سۆرەلمىلىك قىلىپ، بىر ئوبدان دۇلدۇلنى قاچۇرۇپ قويدىلىمۇ؟ تۇتۇپ كەلگەن بولسىلا، مەن ئۇنى مىنىۋېلىپ، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئىچىنى ئادىتىپ يۈرمەمتىم، — دەپ ئېرىگە كايىپتۇ.

بۇ گەپتىن ئاچچىقى كېلىپ، باينىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بوپتۇ ۋە تاياقنى ئاپتۇ ـ دە:

— ھە، سەن تېخى كىچىككىنە قولۇننى مىنىپ ئوينىپ، بىلىنى سۇندۇرۇۋەتمەكچىمىدىڭ؟ — دەپ خوتۇنىنى راسا ئۇرۇپتۇ، بىر ھازادىن كېيىن دۇلدۇل قولۇنىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى يادىغا ئېلىپ ئۇرۇشتىن توختاپتۇ. ئۇ ھەسرەت بىلەن كېچىچە كىرپىك قاقماپتۇ، سەھەر تۇرۇپ قولۇننى ئىزدەپ مېڭىپتۇ.

ساختىپەز باي ئۆز مالىيىنىڭ نۇرغۇن تىللالارغا ئىگە بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى تىللالارغا كۆز قىزارتىپتۇ، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ئامالىنى ئويلاپتۇ. ئاخىر ئۇ مالاينى چاقىرىپ:

— قوغۇننى يۈز تىللاغا سېتىپسەن، خۇش بولدۇم. بىراق، ماڭا تېگىشلىكىنى تېخى ئەكېلىپ بەرمىدىڭ، — دەپتۇ.

— سىلىگە تېگىشلىك يەنە نېمە بار ئىدى؟ — دەپتۇ مالاي، — بەرگەنلىرى قوغۇننىڭ بىر تال ئۇرۇقى، ئۇنىڭغىمۇ رازى بولمىغانمىدىلە؟

— مەن قوغۇن ئۇرۇقى بەردىم، راستمۇ؟ — دەپتۇ باي، — سېنىڭ بىر تاپان يېرىڭ يوق تۇرۇقلۇق، نەدە تېرىپ ئۆستۈردۈڭ؟ يەر ھەققى بەربىر ماڭا تېگىشلىك. دېمەك، ئەللىك تىللا مېنىڭ بولىدۇ. شۇنى بېرىسەن!

بايدىن قۇتۇلۇشىنىڭ زادى ئامالىنى قىلالمىغان مالاي:

— ئالدىغىنىڭ ئەللىك تىللا بولسا، ئال. سەن ھەرقانچە ساختىپەزلىك قىلغىنىڭ بىلەن، ئاخىر بىر كۈنى شەيتانىنىڭ سىرتمىقىغا چۈشمەي قالمايسەن، — دەپتۇ - دە، ئەللىك تىللانى بېرىپتۇ.

مالاي ساختىپەز باينىڭ ئۆيىدىن چىقىپلا، ھېلىقى نادان بايغا يولۇقۇپ قاپتۇ.

— ھەي يىگىت، سەن توغرا ئېيتىپسەن، مەن دۈلدۈل تۇ - خۇمنى قولۇمدىن چۈشۈرۈۋېتىپ، چېقىپ قويدۇم. دۈلدۈل قۇ - لۇن قېچىپ كەتتى، ئۇنى نەدىنمۇ تاپارمەن؟ — دەپتۇ نادان باي.

— ئۇنى تاپماق ئاسان، ھازىر ئۇ مانا بۇ ئۆيدە ئۇزۇن ساقاللىق، يوغان سەللىلىك ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالدى، — دەپ، مالاي ساختىپەز باينىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپتۇ. نادان باي بۇ گەپكە ئىشىنىپ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرسە، ساختىپەز باي تىللالارنى قايتا - قايتا ساناۋاتقۇدەك.

— سەن قېچىپ نەگە باراتتىڭ؟! ئەمدى مېنىڭدىن قې - چىپمۇ قۇتۇلالمايسەن! — دەپتۇ نادان باي ۋە قولىدىكى يۈگەن - نى چاققانلىق بىلەن ساختىپەز باينىڭ بېشىغا سېلىپ سۆرەپتۇ. ساختىپەز باي قاتتىق ۋارقىراپ، تىرەجەپ تۇرۇۋاپتۇ. نادان باي غەزەپكە كېلىپ راسا قامچىلاپتۇ. ساختىپەز باي مالاي ئېيتقان شەيتانىنىڭ سىرتمىقى مۇشۇ ئوخشايدۇ دەپ، سۇف شەيتان، سۇف شەيتان، نېرى كەت، نېرى كەت! دەپ دۇرۇت ئوقۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ساختىپەز باي بىلەن نادان باي يۇرت ئىچىدە شەرمەندە بولۇپ، نومۇس ئىچىدە ئاخىر يۇرتتا تۇرال - ماي، بارلىق مال - دۇنيالىرىنى تاشلاپ، سەرسان بولۇپ يو - قىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ مال - دۇنيالىرى شۇنىڭدىن باشلاپ كەم - بەغەللەرگە قاپتۇ.

# ھېكايەخۇمار پادىشاھ

بۇرۇن بىر ھېكايەخۇمار پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، كۈندە بىر يېڭى ھېكايە ئاڭلىمىسا، خۇمارى تۇتۇپ، كۆڭلى غەش بولىدىكەن، چىرايى ئېچىلمايدىكەن. بۇ يۇرتنىڭ خەلقىمۇ ھېكايە - چۆچەككە خۇشتار ئىكەن. شۇڭا، كۈندە بىرى نۆۋەتلىشىپ كېلىپ پادىشاھقا يېڭى ھېكايە ئېيتىپ بېرىپ، ئۆز ئەجرىگە لايىق پادىشاھتىن ئىنئام ئېلىپ قايتىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. بۇ چاغدا، بۇ يۇرتتا پادىشاھ ئاڭلىمىغان بىرەرمۇ يېڭى ھېكايە قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ ھېكايە خۇمارى تۇتۇپ، چىرايى سارغىيىپ، ھالىدىن كېتىشكە باشلاپتۇ، ئاخىر تاقەت قىلالماي ئاڭلاپ بولغان ھېكايە بولسىمۇ قايتا ئاڭلاپ، ھېكايىچىگە ئەجرىگە لايىق يەنە ئىنئام بېرىپتۇ. ھېكايىچىلەرنىڭ قايتا ئىنئام ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىچى تار، كۆرەلمەس، چىدىماس ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ئىچى ئاداپ، ئولتۇرالماي قاپتۇ. ئۇ ئۇيان ئويلاپتۇ - بۇيان ئويلاپتۇ، ئاخىر كۆڭلىگە بىر غەرەزنى پۈكۈپ، پادىشاھنىڭ خالىي قېلىشىنى كۈتۈپتۇ.

بىر كۈنى ھېكايىچىلەر ھېكايىسىنى ئېيتىۋاتقاندا، پادىشاھ ھېكايە ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ۋەزىر ھېكايىچىلەرنى قول ئىشارىسى بىلەن قايتۇرۇۋېتىپ، پادىشاھ-

ـنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ:

— ھە، ئاخىرىسى قانداق بولدى؟ — دەپ ئويغىنىپ قا-
رىسا، ئەتراپىدا ھېكايىچىلەر يوق. يالغۇز ۋەزىرنىڭ تۇرغانلى-
قىنى كۆرۈپ:

— ھېكايىچىلەر قېنى؟ تازا قىزىق يېرىگە كەلگەندە
ئۇخلاپ قاپتىمەنغۇ، چاقىرغىن، داۋامىنى ئېيتسۇن، — دەپ
بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر:

— پادىشاھئالەم، سىلى بىلەن خالىي مەسلىھەتلىشىدى-
غان بىر ئىش چىقىپ، ئۇلارنى مەن كەتكۈزۈۋەتكەن، — دەپ
قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ سۆزىنى
ئاڭلاپ، خۇشياقمىغان ھالدا:

— ھە، نېمە ئىشتى؟ — دەپتۇ. ۋەزىر:

— مېنىڭ ئويلىغىنىممۇ سىلىنىڭ كۆڭۈللىرى ئۈچۈن.
سىلى ئىلگىرى ئاڭلاپ بولغان ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ زىيان تار-
تىۋاتىدىلا، — دەپتۇ. پادىشاھ:



— قانداق زىيان تارتىۋاتىمەن؟ — دەپتىكەن، ۋەزىر:

— بىرىنچىدىن، ئاثلاپ بولغان نەرسىلەرنى قايتا ئاثلاپ ئۆمۈرلىرىگە زىيان بولۇۋاتىدۇ، ئىككىنچىدىن، خەزىنىلىرىگە زىيان بولۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ قۇۋلۇق بىلەن. پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتىكەن، ۋەزىر:

— مەن زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان بىر چارىنى ئويلاپ قويدۇم، ئەگەر سىلى قوشۇلسىلا، سىلىمۇ كۆندە يېڭى ھېكايە ئاڭلايدىلا ھەم خەزىنىڭىزمۇ زىيان بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ:

— قېنى، ئۇ قانداق چارە؟ سۆزلە، — دەپتۇ.

— بىز، — دەپتۇ ۋەزىر ئۆز كۆڭلىگە پۈككىنىنى ئاشكارىلاپ، — پۇقرالارغا، بۇگۈندىن باشلاپ ھەركىم يالغان ھېكايە ئېيتىپ پادىشاھنى قايىل قىلالىسا، ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىدەك ئالتۇن ئىنئام قىلىمىز، ئەگەر قايىل قىلالمىسا، ھېچنېمە بەرمەيمىز، دەپ جاكارلايلى. بۇنىڭدا بىز گەپنى بىر قىلىۋېلىپ، نېمىلا دېسە: «راست» دەپ تۇرۇۋالىمىز ـ دە، ھېچكىم ئىنئامغا ئىگە بولالمايدۇ، سىلىنىڭ تەلەپلىرىمۇ ھەل بولىدۇ.

پادىشاھ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى چاقىرىپ، ئۇلۇغ قول ۋەزىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەممىسى گېپىنى بىر قىلىۋاپتۇ ھەم جارچىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— پۈتۈن يۇرتتىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان پۇقرالارغا جاكارلاڭلار، كىمكى ھېكايە ئېيتىپ، مېنى: «يالغان» دېگۈزەلىسە، مەن شۇ كىشىگە ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىدا ئالتۇن ئىنئام قىلىمەن، — دەپتۇ. جارچىلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ناغرا ـ سۇناي چېلىپ: «ئەييۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئاغۇخاس، ئىشىتمىدۇق دېمەڭلار...» دەپ پادىشاھنىڭ پەرمانى-

نى پۈتۈن يۇرتقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھنىڭ پەرمانى چىققان كۈنلا، پادىشاھ ۋەدە قىلغان ئالتۇنغا قىزىققان مەدداھلار، قىسسىچىلەر، گەپدانلار بىر ـ بىرلەپ پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، ئۆزلىرىمۇ ئاڭلىمىغان، ئويلىمىغان، كۆرمىگەن ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىپ پادىشاھقا ئېيتىپ بېرىپتۇ، بۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ ھېكايە ئاڭلاش خۇمارى پەسكويغا چۈشۈپتۇ. لېكىن، پادىشاھ سۆز ئاچقۇچە ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ئالدىن كېلىشىۋالغىنى بويىچە، ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ يالغان ھېكايىسىنى ئېيتىپ بولۇشىغا، بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بىز سىزنى يالغان ھېكايە ئېيتىدىغان ئوخشايدۇ دېسەك، ھەممىسى مېنىڭ چوڭ دادام قىلغان ئىشلارغۇ، — دەپ يالغاننى راستقا چىقىرىپ ھېكايىچىنى قۇرۇق قول يولغا سېلىشىدىكەن.

نۇرغۇن كۈنلەر يۇرتتىكى چوڭ ـ كىچىك كىشىلەر يالغان ھېكايە ئېيتىش بىلەن، پادىشاھ ئۆزىنىڭ ھېكايە خۇمارىنى پەسەيتىش بىلەن، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار يالغاننى راستقا ئايلاندۇرۇش بىلەن ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇرتتا ھېچقانداق بىر يالغان نەرسە قالماي ھەممىسى راست بولۇپ چىقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ ۋەدە قىلغان ئالتۇن ئۆز ئورنىدا تەۋرىمەي، پۇقرالارنىڭ پادىشاھتىن ئېلىپ تۇرىدىغان ئىنئاملىرىمۇ ئۈزۈلۈپ قاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يالغان ھېكايە ئېيتىش سەكسەن ياشتىن ھالقىغان بىر بوۋايغا كەپتۇ. ئۇ قاردەك ئاقارغان ساقىلىنى سىلاپ، ھاسىسىنى توكۇلداتقىنىچە مۆكچىيىپ، يالغان ھېكايە ئېيتىش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ ۋە ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

— مەن بۇنىڭدىن قىرىق يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەنىدىم، مانا ھازىر سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا، سىلەرگە ھېكايە ئېيتىپ بېرىمەن دەپ ئولتۇرۇپتىمەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپ، جەھەننەمدە كۆرگەنلىرىنى ھېكايە قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئادەمنىڭ ئۆلۈپ قايتا تىرىلىشى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش بولسىمۇ، ۋەزىرلەر بىر - بىرىگە قارىشىۋېلىپلا:

— راست ئېيتىسەن. بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا ئاتا - بوۋىمىز سېنىڭ نامىڭنى چۈشۈرگەن. سەن ئۇ دۇنياغا ياش كەتكەچكە، بۇ دۇنيانىڭ ياخشىلىقىنى ئاز كۆردۈڭ. ئەمدى سەن پادىشاھنىڭ ۋەدە قىلغان دۇنياسىغا قىزىقىپ، بۇ دۇنيانىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئۈچۈن قايتا تىرىلدىڭ. سەن شۇ ساقىلىڭ بىلەن ھەرگىز يالغان ئېيتمايسەن. سەن ئېيتقان ئۇ ئىشلارنى بىزمۇ ئۇ دۇنياغا بارغاندا كۆرۈپ كېلەرمىز، — دەپ بوۋاينى ئۆلۈپ قايتا تىرىلگەن قىلىپ يولغا ساپتۇ.

بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىگە ئەقلى يەتمىگەن بوۋاي ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى پادىشاھ ۋەدە قىلغان ئىنئامىنى ئېلىپ خاتىرجەم ئۆتكۈزمەكچى بولغان ئۈيىنىڭ بەربات بولغانلىقىدىن غەزەپلىنىپ، قالغان ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرۇلۇق غەم - ئەندىشىگە چۆكۈپ، ئورىدىن چىققان پېتى بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە يول ئاپتۇ. بوۋاي شۇ ماڭغىنىچە تاكى كەچ كىرىپ، تاڭ ئاتقۇچە مېڭىپتۇ، تاڭ ئاتقاندا بىر يايلاققا چىقىپ قاپتۇ. ئۇ يەنە بېشىنى ساڭگىلىتىپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئالدىدىن بىرى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا، سەپىرىڭىز قايان؟ — دەپ سالام بېرىپتۇ. بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا ئون بەش - ئون ئالتە ياشلاردىكى بىر بالا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغۇدەك. بوۋاي بالىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ:

— ئوغلۇم، سەپىرىمنىڭ قايان ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دەپتۇ مەيۈسلىنىپ. بوۋاينىڭ بىچارە قىياپىتىنى كۆرگەن بالىنىڭ بوۋايغا ئىچى ئاغرىپ:

— بۇ دەشت - باياۋاندا يۈرۈشىڭىزگە نېمە سەۋەب بولدى، بوۋا؟ — دەپ كوچىلاپ سوراپتۇ. بوۋاي بالىنىڭ سوئالىغا ئېغىر بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ:

— ئۆزۈڭ كىمسەن، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوئال بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ. بالا:

— مەن پادىشاھنىڭ مالچىسى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بوۋاي بالىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، بالىنى ئۆز ھاجىتىدىن چىقالمايدىكەن دەپ ئويلاپ:

— يولۇمنى توسما، ئۆز يولۇمغا كېتىۋېرەي، — دەپ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بالا بوۋاينىڭ بۇنداق نام - نىشانسىز مېڭىپ، بىرەر خېيىمخەتەرگە يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بوۋاينىڭ پېشىگە ئېسىلىپ:



— كونىلار: «بىر چوڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا، بىر كىچىك-نىڭ» دەپتىكەن. نېمىلا بولسا باشلىرىغا كەلگەن دەردنى ئېيتىپ باقسىلا، — دەپتۇ. بوۋاي بالىنىڭ ئورۇنلۇق سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ يەنە تەرسالىق قىلغۇسى كەلمەي، بۇ تەرەپكە يول ئېلىپ كېلىشىدىكى سەۋەبنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەم ئەقىل تېپىپ، پادىشاھنىڭ قول ئاستىدىكىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ خەلقنى ئەخمەق قىلىپ ئويناۋاتقانلىقىنى ئېيىپ تاشلاپ، ئىنئامنى ئېلىپ، قالغان ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ:

— بۇ سەپىرىم ئەقىل تېپىش ئۈچۈن، — دەپتۇ. بالا بوۋاينىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— ۋاي - ۋۇي، بوۋا، شۇنىڭغىمۇ غەم قىلىپ كەتكەن بارمۇ؟ ئۇ ئادەتتىكىلا بىر ئىشكەنغۇ، — دەپتۇ. بوۋاي بالىنىڭ سۆزىگە بىر ئىشىنىپ - بىر ئىشەنمەي تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا بالا:

— بوۋا، ئەگەر باشقا زۆرۈر ئىشلىرى بولمىسا، بۈگۈن مېنىڭكىدە مېھمان بولسىلا، قالغان ئىشنى مەسلىھەت بىلەن بىر ئىش قىلارمىز، — دەپتۇ. بوۋاي يەنىلا خاتىرجەم بولالماي:

— ئوغلۇم، سەن مېنى ئەخمەق قىلمايۋاتىدىغانسەن؟ — دەپتۇ.

— ياق، بوۋا، مەقسەتلىرى راستتىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، مەن مۇرادلىرىغا يەتكۈزەي، — دەپتۇ بالا. بوۋاي بالىغا تېخىمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەي:

— ئەگەر شۇ ئىش راستتىنلا سېنىڭ قولۇڭدىن كەلسە، نېمە ئۈچۈن ھېكايە ئېيتىپ پادىشاھتىن ئىنئام ئالماي، قوي بېقىپ جاپا چېكىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا:

— بۇنىڭ سەۋەبى: بىرىنچىدىن، مەن قوي بېقىۋاتىمەن، مەن ئۇ يەرگە كەتسەم، قويلارغا قارايدىغان ئادەم يوق. ئىككىنچىدىن، مەن ئارتۇقچە بايلىققا قىزىقمايمەن. كونىلار: «ئارتۇقچە دۇنيا ئۆزۈڭگە دۈشمەن» دەپتىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بوۋاي بالىنىڭ جاۋابىغا قايىل بوپتۇ ھەم:

— قولۇڭدىن كەلسە، شۇ ئىنئامنى ئېلىپ يېتىم - يېسىر، تۇل خوتۇنلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

بالا بوۋاينىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپتۇ. بۇ چاغدا بوۋاي يەنىلا خاتىرجەم بولالماي:

— ئوغلۇم، سەن زادى قانداق قىلماقچى؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا ئۆز كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى بوۋايغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بوۋاي بىلەن بالا ئەتىسى سەھەردە قويلارنى ھەيدىگىنىچە پادىشاھ ئوردىسىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئوردا ئالدىغا كەلگەندە ياساۋۇللار ئۇلارنى توسۇپ:

— سىلەر نېمە ئادەملەر؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي بىلەن بالا:

— بىز پادىشاھقا يالغان ھېكايە ئېيتىپ بەرگىلى كەلگەن ئادەملەر، — دەپ، كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. ياساۋۇللار قويلىرىنى قويۇپ كىرىشنى ئېيتىپتۇ. بالا:

— بۇ پادىشاھنىڭ قويى. مەن يىلدا ئاران بىر ئانا - بالا قويغا ئىشلەيمەن، ئەمما ئۇنىمۇ ئالالمايمەن. چۈنكى، بىرەر قوي يىتىپ كەتسە ياكى بۆرە يەپ كەتسە ھەققىمنى بەرمەيدۇ. پادىشاھ ئەنە شۇنداق رەھىمسىز. ئەمدى قويلارنى بۇ يەرگە قويۇپ قويسام قويلار يوقىلىپ كەتسە، بىر ئۆمۈر بىكارغا ئىشلىمەي. كىرىپ، مەن دېگەننى پادىشاھقا ئېيتىپ بېقىڭلار، — دەپتۇ.

ياساۋۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام قىلىپ بول-

غاندىن كېيىن، قويچىنىڭ ئېيتقانلىرىنى يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ راست دەپ دېسە، باشقىلارنىڭ ئالدىدا رەھىمسىز ئاتىلىپ قې‐لىشىنى نومۇس بىلىپ، ئويلىمىغان يەردىن كەلگەن بۇ زەر‐بىدىن تېڭىرقاپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا:

— يالغان، — دەپ ۋارقىراپ سېپتۇ ھەم بالىنىڭ قويلار‐نى ھەيدەپ كىرىشكە رۇخسەت قىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىچ‐تار ئوڭ قول ۋەزىر:

— ئوردىغا قوي ھەيدەپ كىرسە قانداق بولغىنى؟ — دەپتىكەن، پادىشاھ:

— ئۇ ماڭا تولىمۇ سادىق ئوخشايدۇ، ئەگەر شۇنداق بولمىغان بولسا، قويلارنى جاڭگالدا تاشلاپ كەلگەن بولاتتى، — دەپتۇ.

ياساۋۇل چىقىپ، بوۋاي بىلەن بالىغا كىرىشكە ئىجازەت بېرىلگەنلىكىنى يەتكۈزۈپتۇ. قويچى بالا ئۇنىڭدىن:

— پادىشاھ نېمە دېدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ياساۋۇل:

— پادىشاھ «يالغان» دەپ ۋارقىراپ كەتتى، — دەپ، بولغان ئەھۋالنى ئەينەن ئېيتىپتۇ.

بالا قويلىرىنى ھەيدەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. پادى‐شاھ ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىپ:

— قېنى، ھېكايەڭنى باشلا، — دەپتۇ. بۇ چاغدا بالا:

— پادىشاھىئالەم، سىلىگە گۇۋاھچىلار تەييار ئىكەن، ئۇلار يالغانىمۇ راستقا ئايلاندۇرۇشىدۇ. شۇڭا، بىزگىمۇ گۇۋاھچى بولۇش ئۈچۈن شەھەر پۇقرالىرىدىن يىغىپ بەرسە‐لە، — دەپتۇ. پادىشاھ پەرمان قىلىپ، ئوردىغا نۇرغۇن پۇقرالارنى يىغدۇرۇپ ئەكەپتۇ. بالا يەنە:

— پادىشاھىم، ئارىلىقىمىز يىراق بولۇپ قالدى. گەپنى ئېنىق ئاڭلىماي قالىدىلا، شۇڭا يانلىرىدا ئولتۇرغانلاردىن

ئىككىسى بىزنىڭ ئورنىمىزدا تۇرۇپ قويلارنى توسۇپ تۇر-سۇن، — دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بولۇپ، يېنىدىكى ئادەمدىن ئىككىنى قويلارنى توسۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ.

قويچى بىلەن بوۋاي پادىشاھنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئاپتۇ. ئۇلار كېلىشىۋالغىنى بويىچە بوۋاي ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

«مەن ئەسلىي بىر زەردار باي ئىدىم، دۇنيالىقتا ئۇچ ئو-غۇل يۇزى كۆردۇم. ئۇلار ئەقىلگە كىرگۈچە يېمىگەننى يېگۇ-زۇپ، كىيمىگەننى كىيگۇزۇپ باقتىم. ئەقىلگە كىرگەندە، مەندىن كېيىن قالسا ئەل ئىچىدە خار بولۇپ قالمىسۇن دەپ، بىساتىمنىڭ تەڭ يېرىمىنى خەجلەپ ئۇلارنى ئوقۇتتۇم. ئۇلار بىلىمدە كامالەتكە يەتتى. لېكىن، مەن ئوغۇللىرىمنى ئۇنداق رەھىمسىز، ئىنساپسىز، قارا نىيەت بولار، دەپ ئويلىمىغانىدە-كەنمەن. ئۇلار ئوقۇشنى تاماملاپ، ماڭا ھاجىتى چۇشمەيدىغاز-لىقىنى بىلىشتىمۇ، قانداق، بىر كۇنى ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا كىرىپ:

— ئاتا، ئۆمۇرلىرى بىر يەرگە بېرىپ قالدى. كۆزلىرد-نىڭ ئوچۇقىدا مال - مۇلۇكنى بىزگە تەڭ ئۇلەشتۇرۇپ بې-رىپ، بىزنىڭ كېيىنلىكىمىزدىن خاتىرجەم بولمامدىلا، بىز سىلىنى يەنە ئوخشاشلا كۇتىمىز، — دېدى. مەن ئۇلارغا ئىد-شىنىپ دېگىنىنى قىلدىم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار كەل-مەس بولدى. مەن، ئۇلار بىتاب بولۇپ قالغان بولسا، مېنى يوقلاپ كېلەلمەي قالغان ئوخشايدۇ، دەپ چوڭ ئوغلۇمنىڭ ئۆ-يىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئىشىكىنى قاقتىم. ئۇ ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ:

— ماڭ كەت، دىۋانە، ساڭا بېرىدىغان كۆيۇك نېنىم يوق، — دەپ ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ھەيدىۋەتتى. مەن بۇ ئە-لەمدىن يەرگە كىرەي دېسەم يەر قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دې-


سەم ئاسمان يىراق كېلىپ، كىچىك ئوغۇللىرىمنى ئىزدەپ باردىم. ئۇلار ئاكىسىدىنمۇ ئۆتەر ئىنساپسىز ئىكەن. شۇنىڭ-دىن ئېتىبارەن مەن ئىگە ـ چاقىسىز قېلىپ، سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرىمەن. خۇدا، مېنىڭ بېشىمغا سالغان كۈننى باشقا بەندىسىنىڭ بېشىغا سالمىسۇن» دەپ سۆزىنى توختىتىپتۇ. پادىشاھ:

— شۇ ئوغۇللىرى ھازىرمۇ بارمۇ، نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بار، ئۇلار پادىشاھنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدۇ، — دەپتۇ بوۋاي.

— كىملەر ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ:

— چوڭ ئوغلۇم مانا بۇ ئوڭ قول ۋەزىر، قالغان ئىككىسى ئەنە قويلارنى توسۇپ تۇرغانلار شۇ، — دەپتۇ. بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ:



— بۇ ئۆلمىگەن قېرى يالغان ئېيتىپ، بوھتان چاپلاۋا-تىدۇ. مېنىڭ بۇنداق ئاتام يوق ! — دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. قوي توسۇپ تۇرغانلارمۇ بوۋاينىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى دەپ چالۋاقاپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا بوۋاي:

— خوش، ۋەزىرئەزەم، يالغانغا قايىل بولدىلىمۇ؟ ئاچچىقلى-رىنى بېسىۋالسىلا، — دەپتۇ. ۋەزىرنىڭ تىلى تۇتۇلۇپتۇ.

نۆۋەت قويچى بالىغا كەپتۇ. ئۇ ھېكايىسىنى باشلاشتىن ئىلگىرى، پادىشاھتىن:

— پادىشاھىئالەم، ھەربىر يالغان ھېكايە ئۈچۈن قىلغان ۋەدىلىرىنى ئادا قىلسىلا، مەن ھېكايەمنى باشلاي، بولمىسا بوۋامغا تەئەللۇق ئىنئامنى بەرسىلە، كېتىۋالايلى، — دەپتۇ. پادىشاھ بالىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ. بالا ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

— مەن ئاتام بىلەن ئانامدىن ئۈچ ياش چېغىمدا يېتىم قالغان، شۇ كۈندىن باشلاپ قوي بېقىشقا باشلىدىم. ھازىر قىرىق بەش يىل بولدى، بۇ جەرياندا مەن ھەقسىز ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن، — دېيىشىگە، پادىشاھ:

— يالغان، سەن ئەمدى ئون بەش ياشقا كىرىپ، مەندىن قىرىق بەش يىلنىڭ ھەققىنى ئالماقچى بولۇۋاتامسەن؟ ! مەن ساڭا ھەق بەرگەن، ئۇ ھەقلەر ئۆزۈڭنىڭ يوقاتقان قويلىرىڭ-نىڭ ئورنىغا تۇتۇپ قېلىنىدى. سەن بۇنى يالغان سۆزلەپ يوق-قا چىقارماقچى بولۇۋاتىسەن ! — دەپتۇ. ئەتراپتىكىلەر پادى-شاھنىڭ قىلمىشىنى راست دېيىشكە پېتىنالماي، ھەممىسى تەڭلا:

— يالغان، پادىشاھقا بوھتان چاپلاۋاتىدۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ. شۇ چاغدا بالا:

— پادىشاھىئالەم، بوۋام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھېكايىسى-

نىڭ يالغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ، ئەتراپتىكىلەرمۇ تەستىقلىدى.
ئەمدى بىزگە بېرىدىغان ئىنئامنى بېرىپ، بىزنى يولغا سېلى-
ۋەتسىلە، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەدىسىگە ئاساسەن، بالا بىلەن بوۋايغا بېرىدىغان
ئىنئامنى بېرىپتۇ. بالا بىلەن بوۋاي شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە
ئالتۇن - كۈمۈشنى خالايىققا تارقىتىپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆر-
گەن پادىشاھ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى سورىغانى-
كەن، بالا:

— بۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر ئەسلىي ئۇلارنىڭ ھالال نې-
سىۋىسى ئىدى. سىلى دىللىرىدىن پاكلىق، ساپلىقنى يوقى-
تىپ، پۇقرالارنى ئالداشقا يۈزلەندىلە. بۇنىڭدىن كېيىن، ئۆز
ئەقىللىرى بويىچە ئىش كۆرۈشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، — دەپ
پادىشاھنىڭ سىرىنى ئېچىۋېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ يامان
غەرەز بىلەن ئەقىل كۆرسىتىپ ئىشنى بۇزغان ئوڭ قول ۋە-
زىرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئۇنى دارغا ئېسىپتۇ،
قويچى بالىنى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
يۇرت يەنە ئەسلىي ئىزىغا چۈشۈپ، ئەلمۇ خاتىرجەم بوپتۇ.
پادىشاھمۇ پاراكەندە بولماي ياخشى ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ، خا-
تىرجەم ياشاپ كېتىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «يالغاننى ئېيتى-
ۋەرسە راستقا ئايلىنىدۇ» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# قازنىڭ قىزى

بۇرۇن بۇرۇنكەن، ئالەم زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ ئىكەن، پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ ئىكەن. شۇنداق زاماندا، يىراق بىر ماكاندا هازىر ئىسمى ئۇنتۇلغان بىر شەهەر بولغانىكەن. شۇ شەهەرنىڭ قازىسى قېرىپ بېلى مۈكچەيگەن، چېچى ئۇچتەك ئاقارغان، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان بولسىمۇ، ئەقىل - پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن، چېچەن، سەزگۈر قىزىنىڭ ياردىمى بىلەن داڭق چىقىرىپ كېلىۋاتقانىكەن. قازىنىڭ قىزى ئاتىسىغا هەمدەمدە بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەن دەردمەنلەرنىڭ دەرد - ئەهۋالىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ، ئۇلارنى خۇش قىلىپ، قىزىل كۆز، نائىنساپلارنى يىغلىتىپ، هەممىگە لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇپ يولغا سالىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، يىراق - يېقىندىكى دەردى بار، ئەرزى بار كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى كىشى كېلىپ ئەرز - شىكايىتى بارلىقىنى مەلۇم قىپتۇ. ئۇلاردىن بىرى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ:

— مېنىڭ ئىسمىم سەمەت، ئاتام ناۋاي ئىدى. ئاتامدىن ماڭا نۇرغۇن مال - دۇنيا مىراس قالغان. ئاتام ئۆلۈپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغاندا، مەن بۇ ئادەم بىلەن قىيامەتلىك دوست بولۇشقان، — دەپ يېنىدىكى ئادەمنى كۆرسىتىپتۇ. كەلگەن-

# قازىنىڭ قىزى

بۇرۇن بۇرۇنكەن، ئالەم زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ ئىكەن، پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ ئىكەن. شۇنداق زاماندا، يىراق بىر ماكاندا هازىر ئىسمى ئۇنتۇلغان بىر شەھەر بولغانىكەن. شۇ شەھەرنىڭ قازىسى قېرىپ بېلى مۇكچەيگەن، چېچى ئۇچتەك ئاقارغان، بىر پۇتى گۆرگە ساڭ-گىلىغان بولسىمۇ، ئەقىل - پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن، چېچەن، سەزگۈر قىزىنىڭ ياردىمى بىلەن داڭق چىقىرىپ كېلىۋاتقانىكەن. قازىنىڭ قىزى ئاتىسىغا ھەمدەمدە بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەن دەردمەنلەرنىڭ دەرد - ئەھۋالىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ، ئۇلارنى خۇش قىلىپ، قىزىل كۆز، نا-ئىنساپلارنى يىغلىتىپ، ھەممىگە لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇپ يولغا سالىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، يىراق - يېقىندىكى دەردى بار، ئەرزى بار كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى كىشى كېلىپ ئەرز - شىكايىتى بارلىقىنى مەلۇم قىپتۇ. ئۇلاردىن بىرى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ:

— مېنىڭ ئىسمىم سەمەت، ئاتام ناۋاي ئىدى. ئاتامدىن ماڭا نۇرغۇن مال - دۇنيا مىراس قالغان. ئاتام ئۆلۈپ ئۇ ئا-لەمگە سەپەر قىلغاندا، مەن بۇ ئادەم بىلەن قىيامەتلىك دوست بولۇشقان، — دەپ يېنىدىكى ئادەمنى كۆرسىتىپتۇ. كەلگەن-

لەردىن يەنە بىرىمۇ:

— مېنىڭ ئىسمىم ئەمەت، ئاتام سودىگەر ئىدى. ئاتامدىن ماڭا ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنيا قالغان. مەنمۇ سەمەتكە ئوخشاش قارا يېتىم بولغاچقا، ئۇنىڭغا قىيامەتلىك دوست بو ـ لۇشقا قول بەرگەن، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۆ ـ زىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قازى:

— سىلەر ئىككىڭلار قىيامەتلىك دوستلاردىن ئىكەنسىـ ـ لەر، شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنىڭ ئالدىمغا نېمە ۋەجدىن كەل ـ دىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ. سەمەت:

— مەن ئەمەتنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ كەلدىم، — دەپتۇ. ئەمەتمۇ تەڭلا:

— مەنمۇ سەمەتنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ كەلدىم، — دەپتۇ. قازى:

— سەن نېمىدەپ ئەرز قىلىسەن؟ — دەپ سەمەتتىن سوراپتۇ. سەمەت:

— بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى ئەمەت مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ: «دوستۇم، ئىككىمىز قىيامەتلىك دوستلاردىن. مەن ھازىر بىر گۈزەلگە ئاشىق بولۇپ دەردتە قالدىم. توي قىلىپ شۇ گۈزەلنىڭ ۋىسالىغا يېتىپ، دەردىمگە شىپا قىلمىسام، بۇ ئالەمدىن ئارمان بىلەن كۆزۈم ئوچۇق كېتىدىغان ئوخشايدۇ. سەن مېنىڭ دوستۇم بولغاندىكىن، ياردەم قىلىپ بېشىمنى سىلىمىساڭ بولمىغۇدەك» دېدى. «مەن قانداق ياردەم قىلە ـ مەن؟» دېسەم، «مەن سەندىن نامرات، توي قىلىشقا قۇدرىتىم يەتمەيدۇ، شۇڭا سەندىن ياردەم سوراپ كەلدىم. ئەگەر مۇمكىن بولسا داداڭدىن قالغان مىراسىڭدىن مىڭ تىللانى بېرىپ تۇرساڭ، تويدىن كېيىن ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز ئىشلەپ قايتۇرساق» دېدى. مەن، دوستۇمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە

ياردەمدىن باش تارتسام، نامەردلىك بولمامدۇ، دەپ ئويلاپ، قەرز بېرىشكە رازى بولدۇم. مىڭ تىللانى ساناپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزغىنىمدا، ئۇ خۇشاللىقىدىن بېشى يەرگە تەگكۈدەك بولۇپ تەزىم قىلىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ تويى بولدى. ئۇلار ئىككىسى بىر چىرايلىق ئەپلىشىپ قالدى. هازىر بىر باللىق بولۇپ خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇ مەندىن ئالغان قەرزنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئۇنى قايتۇرۇش خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقماي بەخىرامان يۈردۋەردى. مەنمۇ، بەلكىم هازىر قولى قىسقا بولسا كېرەك، تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلىۋالسا قايتۇرۇپ بېرەر، دېگەن ئۈمىد بىلەن قەرزنى سۈيلەپ بارمىدىم. باراي دېسەممۇ دوستلۇقىمىزنىڭ يۈزى چوڭ كېلىپ بارالمىدىم. مانا ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتتى. مەنمۇ بويتاقلىق تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن پۇلغا موهتاج بولۇپ قېلىپ، ئىلاجسىزلىقتىن ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم. مەن ئۆز مەقسىتىمنى ئېيتسام، ئۇ مەندىن هېچقانداق قەرز ئالمىغانلىقىنى ئېيتىپ، مىڭ تىللانى قايتۇرۇشتىن باش تارتىۋاتىدۇ. شۇڭا، مۇشۇ مىڭ تىللارىمنى ئېلىپ بېرەمدىكىن دەپ ئالدىلىرىغا كەلدىم، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ. سەمەتنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن قازى ئەمەتكە: «سەنچۇ؟» دېگەن مەنىدە قاراپ قويۇپتۇ. ئەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سەمەت بىلەن قىيامەتلىك دوست بولۇشقىنىمدىن باش تارتمايمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق دوستۇمغا خىيانەت قىلىش ماڭا نومۇس ئەمەسمۇ. سەمەت بۇنى بىلمەي، مېنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشۇمغا كۆزى قىزىرىپ ماڭا هەسەت قىلىۋاتىدۇ، بوهتان چاپلاپ مەندىن نەپ ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ. مەن بىر سودىگەرنىڭ ئوغلى تۇرسام، قانداقمۇ ناۋاينىڭ ئوغلىدىن قەرز ئالاي، بۇ قانداقمۇ ئەقىلگە سىغسۇن ! شۇڭا، قازى ئاخۇنۇم، مەن



سەمەتنىڭ ماڭا بوھتان چاپلىغانلىقى ئۈچۈن ئەرز قىلىپ كەلدىم، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ.

قازى ئۇلارنىڭ ئەرز - دەردلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، يېنىدا ئولتۇرغان قىزىغا: «قانداق بىر تەرەپ قىلىمىز؟» دېگەن مەنىدە قاراپتۇ. قىزمۇ ئاتىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ باش لىڭشىتىپ قويۇپتۇ. قازى قىزىنىڭ ئىشارىتىدىن ئىشنىڭ ھەل بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ:

— سىلەرنىڭ بۇ ئەرزىڭلار ئادەتتىكى ئىش ئىكەن، بۇنى قىزىم بىر تەرەپ قىلسۇن، مەن ئاربلاشماي، — دەپ قىزىنىڭ ھەل قىلىشىغا ھاۋالە قىلىپ، ئەسنىگىنىچە كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ، مامۇق تەكيىگە يۆلىنىپ يېتىپتۇ. قىز ئاتىسىنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن:

— گەپ - سۆزۈڭلاردىن قارىغاندا ئىككىڭلار ياخشى دوستلاردىن ئىكەنسىلەر. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ئىككىڭلار دەۋاگەر ئىكەنسىلەر، ئەگەر بىرىڭلارنىڭ يالغان بولۇپ قالسا،

يۇزۇڭلارغا سەت، دوستلۇقۇڭلارغىمۇ تەسىر يېتىدۇ، شۇڭا بىر نىڭلار دەۋادىن كەچسەڭلار ياخشى بولارمىكىن، — دەپ سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئۇلارغا تىكىلىپتۇ. سەمەت قىزىرىپ - تاتىرىپ، تىرنىقىنى تاتىلىغىنىچە يەرگە قاراپ جىم تۇرۇپتۇ، ئەمەت بولسا قىزنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى ئېپقېچىپ:

— پۇل دېگەن كىمگە ئاچچىق؟ — دەپ دوق قىپتۇ.

قىز ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن، سۆزلىرىدىن دەرھال بىر ئەقىل تېپىپتۇ - دە، سەمەتكە قاراپ:

— دەۋاگەر سەمەت، سىز ئەمەتكە قەرز بەرگەندە ئۇنىڭدىن تىلخەت ئالمىغانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تىلخەت تەلەپ قىلمىغانىكەنمەن، — دەپتۇ سەمەت. قىز سەل ئويلىنىۋېلىپ، سەمەتتىن يەنە:

— سىز پۇلنى ئەمەتكە قەيەردە بەرگەن؟ يېنىڭلاردا ھېچكىم يوقمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئاق كۆڭۈل، ساددا سەمەت قىزنىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ ئېلىم - بېرىم قىلغان چاغدىكى ئورۇننى ئېسىگە كەلتۈرۈپ:

— ھە، راست، مەن پۇلنى ئۇنىڭغا بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخىنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ بەرگەنىدىم، ئەمما يېنىمىزدا ھېچكىم يوق ئىدى، — دەپتۇ. قىز بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، دەرھال:

— دۇرۇس، سىلەرنىڭ ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىڭلارغا شۇ ئۈجمە دەرىخى گۇۋاھ بولالايدۇ، — دەپتۇ - دە، سەمەتكە، — سىز دەرھال ئۈجمە دەرىخىدىن سوراپ كېلىڭ. ئەگەر راستىنلا پۇل قەرز بەرگەن بولسىڭىز، ئۈجمە دەرىخى گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدۇ. تېز بېرىپ، تېز قايتىپ كېلىڭ، — دەپ سەمەتنى يولغا سېپتۇ.

ئەمەت، بۇ قىزنىڭ ماڭا يالغۇز قىلىدىغان گەپ ـ سۆزى بولسا سەمەتنىڭ بۆكىگە جىگدە سېلىپ يولغا سالغىنى ئىوخ ـ شايدۇ... دېگەنلەرنى ئويلاپ قىزغا تەلمۈرۈپ قاراپتۇ. قىز ئۆز يېنىدا ئەمەت يوقتەكلا پەرۋاسىز ئولتۇرۇپتۇ. بۇ هال ئەمەتكە ئار كېلىپ، يەنە، بۇ ئالجىپ قالغان قىز ئوخشايدۇ، شۇنداق بولسا تازا ياخشى بولغىنى. مەن چىشىم چىقىپ مۇشۇ كۈن ـ گىچە دەرەخ گۇۋاهلىقتىن ئۆتۈپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ باقمىغان، راستىنلا ئەخمەق قىز ئىكەن، دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ، گىدەيگىنىچە ئولتۇرۇپتۇ. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، سەمەت قايتىپ كەلمەپتۇ. بۇ چاغدا قىز:

— سەمەت ئەجەب قايتىپ كەلمەيدىغۇ؟ — دەپ ئەمەتتىن سوراپتۇ. ئەمەت ئۆزى ئۆچۈن چۆچۈرىنى خام ساناپ ئولتۇر ـ غاچقا، قىزنىڭ سوئالىغا ئويلانمايلا:

— بەلكىم ئۇ ئۇجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىگە ئەمدى يېتىپ بارغاندۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سەمەت ئۇجمىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ، جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە تىرنىقىنى تاتىلاپ لام ـ جىم دېمەي تۇرۇپتۇ. قىز سەمەتنىڭ بىچارە قىياپىتىنى كۆرۈپ، ئېچىنغان هالدا:

— ئۇجمە دەرىخى نېمىدەپ گۇۋاهلىقتىن ئۆتتى؟ — دەپتۇ. سەمەت:

— مەن ئۇجمىگە خېلى يالۋۇرغان بولسامۇ، هېچقانداق سادا چىقمىدى، — دەپتۇ. قىز سەمەتنىڭ ساددىلارچە بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ:

— ئاق كۆڭۈل يىگىت، سىز تولىمۇ ساددا، ئاق كۆڭۈل ئىكەنسىز. سىز قاچان دەرەخنىڭ زۇۋانغا كىرىپ سۆزلىگىنىـ

نى كۆرگەن؟ لېكىن، سىز ئۇجمە تۈۋىگە يېتىپ بارغۇچە ئۇجمە بۇ يەرگە كېلىپ سىزنىڭ قەرز بەرگەنلىكىڭىزگە گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. ئاشۇ ئۇجمە تۈۋىدە بەرگەنلىكىڭىز ئىپ-نىقلاندى، — دەپتۇ.

«ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك» دېگەندەك، قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئەمەت چاچراپ تۇرۇپ دەرھال ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ:

— ئەلمىساقتىن بۇيان كىم دەرەخنىڭ سۆزلىگەنلىكىنى كۆرگەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدىن بىردەم-مۇ ئايرىلمىسام، قانداق قىلىپ ئۇجمە بۇ يەرگە كېلىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتسۇن. بۇ يەرگە كەلگەن بولسا، مەنمۇ كۆر-مەسمىدىم. سىز سەمەتكە يان بېسىۋاتىسىز!

قىز ئەمەتكە قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ، كەسكىن قىلىپ:

— كونىلار: «قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقى بولمىسا، تاۋۇز يې-يىشتىن قورقما» دەپتىكەن. ئەگەر سىز پاك بولسىڭىز، قۇشقاچ تىلىڭىز چىقىپ، نېمە ئۈچۈن سىرىق قۇشقاچتەك بىلجىرلايسىز؟ سىز تىللارنى شۇ ئۇجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئالمىغان بولسىڭىز، سەمەتنىڭ قايسى ئۇجمە دەرىخىنىڭ يې-نىغا، قانچىلىك ۋاقىتتا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى قانداق بىلە-سىز؟ — دەپتىكەن، ئەمەت لام - جىم دېيەلمەي قاپتۇ. ئا-خىردا ئۆزىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ. سەمەتنىڭ ئاق كۆڭۈل، ساددا، سەمىمىي ئىكەنلىكىنى كۆرگەن قازىنىڭ قىزى سەمەتكە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. كېيىنچە ئۇلار مەقسەت - مۇرادىغا يېتىپ، بىرلىكتە ئەلنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەن ماقال ئەمەت بىلەن سەمەت ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن شۇ ئىشتىن قالغانىكەن.

# باي بىلەن چاكار

بۇرۇنقى زاماندا ماموتاخۇن دېگەن بىر كەمبەغەل ئۆتكە-
نىكەن. ئۇ ئاق كۆڭۈل بولۇپ، ئاچ كۆز، زالىم بايلارغا بەكمۇ
ئۆچ ئىكەن. بۇ ئادەم ياشىغان يۇرتتا بىر ئاچ كۆز باي بار
ئىكەن. ئۇ يىل بويى ئادەملەرنى ئىشلىتىپ، ھەققىنى بەرمەك
تەس كېلىپ، قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. بارا - بارا بۇ باي-
غا ئىشلەيدىغانلار ئازىيىپ كېتىپتۇ، ئاخىر ئۇنىڭغا ھېچكىم
ئىشلەپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. بىر كۈنى باي ماموتاخۇننىڭ
ئالدىغا كەپتۇ. ماموتاخۇن ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئويلاپ،ئا-
خىرى كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپ بايغا ئىشلەپ بېرىشكە
ماقۇل بولۇپ:

— مېنىڭ بەش شەرتىم بار. شۇنىڭغا كۆنسىلە، ئىشلەي-
مەن، بولمىسا، ئىشلىمەيمەن، — دەپتۇ.

— قېنى، شەرتلىرىڭنى ئېيتقىن، — دەپتۇ باي.

— بىرىنچىسى، مېنىڭ ئىش ھەققىم ئۈچۈن ئون چارەك
بۇغداي، ئون بەش چارەك قوناق بېرىلا. بۇغداي، قوناقنى ئۆ-
زۈمنىڭ كۈرەمدە ئۆلچەپ ئالىمەن. ئىككىنچىسى، بىر ماڭغان
يولدا ئىككىنچى قېتىم ماڭمايمەن. ئۈچىنچىسى، كۆلنى كۆ-
تۈرەلمەيمەن. تۆتىنچىسى، مىڭلىغان بەللەرنى كېسەلمەيمەن.
بەشىنچىسى، تاغنىڭ بېشىنى چۈشۈرەلمەيمەن، — دەپتۇ

ماموتاخون.

ئىشلەتكىلى ئادەم تاپالماي تۇرغان باي بۇ شەرتلەرگە ماقۇل بوپتۇ ۋە: «يىل ئاخىردا بەربىر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. ئىش ھەققى بېرىش دېگەن يوق گەپ. باشقا شەرتلەرگە كەلسەك، مەن ئۇنى شۇنداق ئىشلارغا سالاتتىمىمۇ؟ » دەپ ئويلاپتۇ ۋە تىلخەت بېرىپتۇ.

بىر كۈنى باي ماموتاخۇنغا:

— ھەي چاكار، ماڭ، سۇ ئەكەل، — دەپتۇ.

— باي ئاكا، بەرگەن تىلخەتلىرىگە ئەمەل قىلسىلا، — دەپتۇ ماموتاخۇن.

— ئەمەل قىلماي نېمە قىلدىم؟ — دەپتۇ باي، — مەن سېنى سۇ ئەكەل دەۋاتىمەن.

— مەن سىلىگە: «كۆلنى كۆتۈرەلمەيمەن» دېگەن ئەمەسمىدىم؟ ئاڭلىمىغانمۇ يا؟ — دەپتۇ ماموتاخۇن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان باي ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە ئوبدانراق ئويلاپ ئاندىن ماقۇل دېمىگىنىگە پۇشايمان قىلىپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، سۇنى ئۆزى ئەكەپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى باي ماموتاخۇننى تاغدىن ئوتۇن ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

— ۋاي باي ئاكا، مەن: «تاغنىڭ بېشىنى چۇشۇرەلمەيمەن» دېگەنىدىمغۇ؟ — دەپتۇ ماموتاخۇن.

— مەن سېنى تاغنىڭ بېشىنى چۇشۇر دېمىدىم، ئۇقۇۋاتامسەن، تاغدىن ئوتۇن ئەكەل دەۋاتىمەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ باي.

— باي ئاكا، تازىمۇ دۆت ئىكەنلا، تاغقا بېرىپ ئوتۇن كەسلەش تاغنىڭ بېشىنى چۇشۇرگەنلىك ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ ماموتاخۇن.

باي گەپ قىلالماي قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ماموتاخۇن

باينىڭ ئىشىنى يەپ، قاچىسىنى بىكارلاپ، باينىڭ جىنىغا تېگىپتۇ. ئەتىياز كېلىپ، تېرىلغۇ مەزگىلى بوپتۇ. باي:

— ھەي چاكار، ماڭ، يەرلەرنى ھەيدە، بۇ ئىشىنىغۇ قىلارسەن؟ — دەپتۇ ماموتاخوننىغا.

— ۋاي باي ئاكا، نېمە دەۋاتىلا؟ مەن: «بىر ماڭغان يولۇمدىن ئىككىنچى قېتىم ماڭمايمەن» دېمىدىممۇ؟ — دەپتۇ ماموتاخون كۈلۈپ تۇرۇپ. باي ئۇنى دېسە، ئۇ بۇنى دەپ، بايغا زادىلا گەپ بەرمەپتۇ. باي ئۇنى دەۋا قىلىپ قازىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئاپىراي دېسە، دەۋادا ئۆزىنىڭ يېڭىلىپ، ئوسال بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئامالسىزلىقتىن ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بوپتۇ.

ئەتىياز كېتىپ ياز كەپتۇ. ئورما ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ. باي ماموتاخوننى ئورما ئورۇشقا بۇيرۇپتۇ.

— ۋاي باي ئاكا، ۋەدىلىرىگە زادىلا ۋاپا قىلمايدىكەنلا، مەن: «نۇرغۇن بەللەرنى كېسەلمەيمەن» دېمىگەنمىدىم؟ ئىشەنمىسىلە، تىلخەت-



نى كۆرۈپ باقسىلا، — دەپتۇ مامۇتاخۇن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان باي ئاچچىقىدا يېرىلغۇدەك بولۇپ:

— يوقال كۆزۈمدىن ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مامۇتاخۇن كۈلۈپ كېتىپ:

— ئالدىرىمىسىلا، مەن بۇ ئۆيدە بىر يىلدەك ئىشلىدىم، ئىش ھەققىمنى بەرمەملا؟ — دەپتۇ.

بۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن باي ئا-خىر ئون چارەك بۇغداي، ئون بەش چارەك قوناق بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. چاكار ئۆيىگە بېرىپ تىلخەت بىلەن ئۆز كۇ-رىسىنى ئېلىپ كەپتۇ. بۇ كۇرە ئىنتايىن يوغان بولۇپ، يە-گىرمە ئادەم ئاران كۆتۈرەلەيدىكەن.

— نېمە ئۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ باي.

— ئاستا گەپ قىلسىلا، — دەپتۇ مامۇتاخۇن، — سىلى ماۋۇ تىلخەتنى ئوقۇپ باقسىلا. بىز دەسلەپ قىلىشقان بۇ توختامدا نېمە دېيىشكەنىدۇق؟

— سېنىڭ بۇ كۇرەڭنى مەن ئۇ چاغدا كۆرمىگەن تۇر-سام، — دەپتۇ باي.

— شۇ چاغدا نېمە ئۈچۈن كۆرۈپ باقمىغان؟ — دەپتۇ مامۇتاخۇن. بۇ تالاش - تارتىشتا ئۇ ئاخىر يېڭىپ چىقىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ يوغان كۇرىدە ئۆلچەپ تارتىپ ئون چارەك بۇغداي، ئون بەش چارەك قوناقنى ئاپتۇ. باينىڭ ئاش-لىقى ماموتاخۇننىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن ئاران چىقىش قىپ-تۇ. باينىڭ ئاشلىق ئامبارلىرى ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا قۇ-رۇپتۇ. ئاچ كۆز باي دەرد - ئەلەمگە چىدىماي بىر كېچىدىلا يوقاپ كېتىپتۇ. ماموتاخۇن شۇ يۇرتتىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بوپتۇ ۋە بايدىن ئالغان ئاشلىقنى كىشى-لەرگە بۆلۈپ بېرىپتۇ.

# پادىشاھنىڭ كەنجى قىزى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئۈچ قىزى بار ئىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئۈچ قىزىنىڭ ئەقلىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئۇلارنى يېنىغا چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ چوڭ قىزىدىن.

— سىز ناۋاتتەك تاتلىق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چوڭ قىزى پادىشاھقا. پادىشاھ يەنە ئوتتۇرانچى قىزىدىن:

— مەن قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىز قەنتتەك تاتلىق، — دەپتۇ ئوتتۇرانچى قىزى پادىشاھقا. پادىشاھ كەنجى قىزىدىن:

— مەن قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىز تۇزدەك، — دەپتۇ كەنجى قىزى پادىشاھقا.

پادىشاھ ئۈچ قىزىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چوڭ قىزى بىلەن ئوتتۇرانچى قىزىنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن ناھايىتى خۇش بوپتۇ، ئۇلارغا ئىنئام بېرىپتۇ، كەنجى قىزىنىڭ بەرگەن جاۋابىغا ئاچچىقى كېلىپ: «ئۇنى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، چەت يېزىغا ئاپىرىپ پۇت ـ قولى تۇتماس بىرىگە چېتىپ قويۇڭلار» دەپتۇ لەشكەرلىرىگە.

پادىشاھنىڭ ئىككى قىزى دادىسى بىلەن ئوردىدا باياشات

تورمۇش ئۆتكۈزۈپتۇ. كەنجى قىزى پادشاھنىڭ پەرمانى بويىـ- چە چەت بىر يېزىدا پۇت ـ قولى تۇتماس بىر يىگىت بىلەن مەجبۇريي بىر ئۆيدە ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ئۆتۈپتۇ. كەنجى قىز ئامالسىز مەھەللىدىكى قوشنىلىرىنىڭ كىرلىرىنى يۇيىـ- دىغان، نان ياقىدىغان، بالا باقىدىغان ئىشلارنى قىلىپ تۇر- مۇشلىرىنى قامداپتۇ. بىر كۈنى قىز: «ئازراق پۇل يىغقانىـ- دىم، سىزنى تېۋىپقا كۆرسىتەي» دەپ يىگىتكە مەسلىھەت قىپتۇ. يىگىت ئۇنىماپتۇ. قىز يىگىتنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارى- ماي، ئۇنى يۇدۇپ تېۋىپقا كۆرسەتكىلى ئېلىپ مېڭىپتۇ. يول- نىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، قىز ھېرىپ قېلىپ بىر كۆل بويىدا دەم ئاپتۇ.

— سىز مېنى كۆتۈرۈپ جاپا چەكتىڭىز، مەن مۇشۇ كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ تۇراي، تېۋىپقا سىزلا بېرىپ دورىنى ئەكې- لىڭ، — دەپتۇ يىگىت قىزغا.

قىز دورا ئېلىپ كېلىشكە مېڭىپتۇ. يىگىت كۆل بويىدا ئولتۇرۇپتۇ. يىگىت بىر ئاش پىشىم ساقلاپتۇ، قىز كەلمەپ- تۇ. بىر ۋاقىتتا كۆل بويىدا ياۋا ئۆردەكلەر پەيدا بوپتۇ. ئۇلار كۆلگە چۆشۈپ چىقسىلا، رەڭگى ئۆزگىرىپ چىقىدىكەن، تۇرۇپ ئاق، تۇرۇپ قارا، تۇرۇپ ئالا بولىدىكەن. بۇنى كۆرگەن يىگىت ھەيران قېلىپ، بۇ قانداق سىردۇ؟ مەنمۇ بىر چۆشۈپ چىقىپ ئۆزگىرىپ قالسام ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئوي بىلەن ئۆزىنى كۆلگە ئېتىپتۇ، بىر چۆكۈپلا يەتتە ئەزايى ساق بىر يىگىتكە ئايلىنىپ قاپتۇ، بۇنىڭدىن ئۆزىمۇ ھەيران قاپتۇ. شۇ ھالەتتە ئولتۇرسا، قىز بىرمۇنچە دورىلارنى ئېلىپ كەپتۇ. قىز يىگىتنى تونۇيالماي:

— بۇ يەردىكى ئاغرىق بىر يىگىتنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن بولىمەن، — دەپتۇ يىگىت قىزغا.

قىز ئىشەنمەپتۇ. يىگىت قىزغا بولغان ئىشنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇلار خۇشال - خۇرام ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئەر - خوتۇن ئىككىسى ھەر كۈنى تاغقا چىقىپ ئوتۇن ئەكېلىپ سېتىپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. بىر كۈنى تاغدا ئوتۇن تېرىۋېتىپ بىر ئۆلۈك يىلان ئۇچراپتۇ، يىگىت لازىم بولۇپ قالار دەپ ئۆيىگە ئالغاچ كېلىپ ئۆگزىگە تاشلاپ قويۇپتۇ. شۇ يىلى چوڭ قىيان كېلىپ نۇرغۇن جايلار، شەھەرلەر ئاپەتكە ئۇچراپتۇ. ئادەمزات بارمايدىغان يەرلەردىن ئوزۇق ئىزدەپ يۈرگەن بىر قاغا قىيان ئېلىپ كەلگەن بىر تىزىق مەرۋايىتـ ـنى پارقىرىغان رەڭگىگە قاراپ يىلان ئوخشايدۇ، دەپ يەردىن چوقۇپ ئېلىپ ئۇۋىسى تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىۋاتسا، ھېلىقى ئوتۇنچىلارنىڭ ئۆگزىسىدە بىر ئۆلۈك يىلان تۇرغۇدەك. قاغا ئۇنىمۇ چوقۇپ ئالىمەن دەپ ئاغزىدىكى بىر تىزىق مەرۋاـ ـيىتنى ئۆگزىگە چۈشۈرۈپ قويۇپ يىلاننى چىشلەپتۇ ـدە، ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى كەنجى قىز ئۆگزىگە ئوتۇن ئالـ ـغىلى چىقسا، بىر تىزىق مەرۋايىت تۇرغۇدەك. ئۇنى ئېلىپ چۈشۈپ، ئېرى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، كۈنىگە بەشتىن بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىغا بىر جاي سېلىپ، ئۆزلىرى يەر ئېچىپ، مال بېقىپ باي ئائىلىگە ئايلىنىپتۇ. كەنجى قىز ئاتا - ئانىسىنى سېغىنىپ، ئېرىنى ئاتا - ئانىسىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. يىگىت بىر بېرىپتۇ، ئۇلار كەلـ ـمەپتۇ، ئىككى بېرىپتۇ، كەلمەپتۇ، ئۈچىنچى قېتىم: «پادىشاـ ـھىئالەم، مەن سىلەرنى بىر مېھمان قىلىۋېلىش ئۈچۈن چاـ ـقىرغىلى ئۈچ قېتىم كەلدىم، بارمىسىلا، زادىلا بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر پادىشاھ ماقۇل بولۇپ، خوتۇنى بىلەن ئىككى قىزىنى ئېلىپ كەنجى قىزىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. كەنجى قىز

ئۇلارنى ئېسىل ئۆيلەردە ياتقۇزۇپتۇ، ئەتىسى چوڭ زىياپەت تەييارلاپتۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھەر خىل مېۋىلەرنى، ھەر خىل تاماقلارنى كەلتۈرۈپتۇ. كەنجى قىز ئاشخانىدىكى ئاشپەز ئۇستىلارغا ھەرقانداق تاماق ۋە گۆشلەرگە تۇز ئىشلەتمەيسىلەر دەپ بۇيرۇپتۇ. پادىشاھ ئۆي ئىگىلىرىنى تونۇيالماي ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ قايسىلا تاماقنى يېسە تۇزسىز، بەتتەم تۇرغۇدەك. پادىشاھ ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇقماقچى بولۇپ قىزنى چاقىرتىپ:

— بىزنى مېھمان قىلغانلىقىڭلارغا رەھمەت. لېكىن، نېمە ئۈچۈن تاماقلارغا تۇز سالمايسىلەر؟ بۇ سەۋەنلىك كىمدە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن تۇزنىڭ رولىنى ۋە قىممىتىنى ئوبدان بىلىمەن، لېكىن مەن تۇزدىن يىرگىنىپ كەتكەنىدىم، شۇڭلاشقا ئائىلە خىزمەتچىلىرىمىز تۇزنى ئىشلەتمىگەن ئوخشايدۇ، — دەپتۇ قىز پادىشاھقا.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پادىشاھ مېھمان قىلغان قىز ئۆزىنىڭ كەنجى قىزى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ باغرىغا بېسىپتۇ، بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بوپتۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىپتۇ، كەنجى قىزىنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېتىپ، كۈيئوغلىنى ئۆز ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ.



# بېگىمنىڭ تايغىنى

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە، زامان زورنىڭ، تاماشا كور-
نىڭ ۋاقتىدا قەييۇم پالۋان ئاتلىق بىر ئوۋچى ئۆتكەنىكەن.
ئۇ ئوقيا ۋە شىكارغا ئۆگىتىلگەن بىر تايغىنى بىلەن ئوۋچى-
لىق قىلىپ، تۇرمۇشتا قىسىلماي، باشقىلارغا ھاجىتى چۈش-
مەي ياشايدىكەن. شۇ يۇرتنىڭ بىر بېگى بولۇپ، تولىمۇ ئاچ
كۆز، يەنە كېلىپ تولىمۇ زومىگەر ئىكەن. ئۇ ئۆزىگە يېقىپ
قالغان قانداقلا نەرسە بولسا، كىمنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينە-
زەر، بىر ئامال قىلىپ تارتىۋالىدىكەن، شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ
ئۇيۇر - ئۇيۇر يىلقىلىرى، سانسىزلىغان قوي، كالىلىرى،
ئۆيىدە نەچچە ئونلىغان خوتۇن - دېدەكلىرى ۋە خىزمەتكار-
لىرى بار ئىكەن. بۇ بەگ شىكارغا ئامراق بولۇپ، پات - پاتلا
خىزمەتكارلىرى بىلەن تايغانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ شىكارغا
چىقىدىكەن ۋە كۆپ ھاللاردا قەييۇم پالۋان بىلەن دوقۇرۇشۇپ
قالىدىكەن. قەييۇم پالۋان ناھايىتى ئۇستا مەرگەن بولۇپ،
ئاتقان ئوقى زايە كەتمەيدىكەن. ئېتىۋالغان توشقان، تۈلكە،
جەرەنلەرنى تايغىنى قەييۇم پالۋاننىڭ ئالدىغا يەتكۈزۈپ كېلى-
دىكەن. بەگ قەييۇم پالۋان بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان كۈنلىرى
ھېچنېمە ئوۋلىيالمايدىكەن. نەتىجىدە، قەييۇم پالۋان ئېتىۋال-
غان ئوۋلىرىدىن بەگكە ھەدىيە قىلسا بەگنىڭ ئىززەت -

نەپسىگە تېگىپ، ئۇنى تولىمۇ خاپا قىلىدىكەن. بەگ بولسا، ئۆزىنىڭ بىر يۇرت بېگى تۇرۇقلۇق بىر يالاڭ تۆش بىلەن يالغۇز تايغانغا ئۆزىنىڭ ئولجىسىنى تارتقۇزۇپ قويغىنىدىن تولىمۇ نومۇس قىلىدىكەن. بەگ شۇ قورساق كۆپۈكىدە ئۆزىنىڭ بىرقانچە تايغىنىنى قەييۇم پالۋاننىڭ تايغىنىغا سىلىپ تالاتماقچى بولسىمۇ، ئەمما بەگنىڭ تايغانلىرى قەييۇم پالۋاننىڭ تايغىنىنىڭ يېنىغا كېلە — كەلمەيلا قۇيرۇقىنى قىسىپ غىڭشىپ كېتىپ قالىدىكەن. بۇ ئىش بەگنى تېخىمۇ ئوسال هالغا چۈشۈرۈپ قويىدىكەن. نومۇسقا چىدىمىغان بەگ قەييۇم پالۋاننىڭ تايغىنىنى قولغا چۈشۈرۈشكە نىيەت قىپتۇ.

بىر كۈنى بەگ قەييۇم پالۋاننى چاقىرتىپ، ئۇنىڭ هېلىقى تايغىنىنى ئۆزىگە بېرىشنى، بۇنىڭ بەدىلىگە يارامىلىق بىر ئات بىلەن ئۆزىنىڭ تايغانلىرىدىن بىرنى تۇتۇۋېلىشنى ئېيتىپتۇ. قەييۇم پالۋان ئۆزىنىڭ بۇ سادىق هەمراهىدىن ئايرىلىشقا كۆڭلى قىيمىسىمۇ، ئەمما بەگنىڭ بەرىبىر تارتىۋالىدىغانلىقىنى پەملەپ، ئۇنىڭدىن باشقىچە بىر ئۇسۇل بىلەن ئۆچىنى ئېلىشقا نىيەت قىپتۇ — دە، بەگكە ئۆزىنىڭ تايغىنىنى بېرىشكە رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ. بەگ شۇ يەردىلا مۇلازىملىرىدىن بىرىنىڭ ئېتىنى قەييۇم پالۋانغا تۇتقۇزۇپ، يەنە ئۆزىنىڭ تايغانلىرىدىن بىرنى تۇتۇۋېلىشنى ئېيتىپتۇ. قەييۇم پالۋان بەگكە قاراپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىلتىپاتلىرىغا مىڭ مەرتەم شۈكۈر. يەنە پېقىرنىڭ كىچىككىنە بىر ئىلتىماسىنى يەردە قويماسلىقلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن، — دەپتۇ.

— قېنى، خوش، سۆزلە، — دەپتۇ بەگ قەيیۇم پالۋانغا قاراپ.

— ماڭا ئاۋۇ تايغانلىرىنى بەرسىلە، — دەپتۇ ئۇ ئەڭ ئورۇق ۋە كۆرۈمسىز بىر تايغاننى كۆرسىتىپ، — بۇ تايغاننى شىكارغا ئۆگىتىۋالغۇچە، ئۆزۈمنىڭ تايغىنىنى بىر ئاي مۆھ-لەت بىلەن ئۆزۈمگە قالدۇرغان بولسىلا.

بەگ بولسا قەييۇم پالۋاننىڭ ئەڭ رەزگى بىر تايغاننى تۇتقىنىغا ئىچىدە خۇش بولۇپ، ئۇنىڭ «كالتە پەم» لىكىدىن كۈلۈپتۇ، شۇنداقتىمۇ:

— بوپتۇ ئەمىسە، لېكىن بىر ئايدىن بىر كۈنىمۇ ئۆت-كۈزمەيمەن، — دەپتۇ ھەمدە تايغىنىنى ئوبدان بېقىشنى تاپ-شۇرۇپتۇ - دە، خىزمەتكارلىرىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

قەييۇم پالۋان ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىككى تايغاننى ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن بېقىپتۇ ۋە ئۆگىتىشكە كىرىشىپ-تۇ، يەنى بەگدىن ئالغان ھېلىقى كۆرۈمسىز تايغاننى كۆڭۈل قويۇپ شىكارغا يارامىلىق قىلىپ ئۆگىتىپتۇ، بەگكە بېرىشكە



تېگىشلىك تايغاننى بولسا مايلىق يېمەكلىكلەر بىلەن بېقىپ، بەگنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش سەمرىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىكارغا ئاچىقىپ ئەمدىلا ئولجىغا تاشلىناي دېگەندە چاقىرىۋېلىپ مايلىق گۆشلەرنى يېگۈزۈپتۇ. بىر ئاي توشۇشقا بىرنەچچە كۈن قالغاندا بۇ تايغان شۇنداق ئۆگىتىلىپتۇكى، ئولجىغا يېتەي دېگەندە خۇددى تەرەت قىلىدىغاندەك زوڭ ئولتۇرۇۋالىدىغان ھالغا كەپتۇ. بىر ئاي توشقاندا بەگ ھېلىقى تايغاننى ئالدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋۋالقىدىنمۇ سېمىز ۋە يوغىناپ كەتكەنلىكىدىن كۆڭلى سۆيۈنۈپتۇ ھەمدە ئۇنى شىكارغا سېلىشقا ئالدىراپتۇ. بىر كۈنى بەگ ئۆزىنىڭ مۇلازىملىرى بىلەن يەنە شىكارغا جابدۇنۇپتۇ. بۇ كۈنى قەييۇم پالۋانمۇ ھېلىقى كۆرۈمسىز تايغىنى بىلەن شىكارغا چىقىپ بەگ بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. بەگ قەييۇم پالۋاننىڭ ھېلىقى ئىسكەتى يوق تايغىنىنى كۆرۈپ ئۆزىچە كۆرەڭلەپ، بۇ قېتىم پالۋاننىڭ چوقۇم قۇرۇق قول قايتىدىغانلىقىنى جەزم قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن: «ھايت – ھۇيت» دېيىشىپ، قىيقاس – چۇقانلار بىلەن تايغانلارنى ئىشقا سېلىپ جەرەن – توشقانلارنى قوغلاشقا كىرىشىپتۇ. شۇ ئارىدا قەييۇم پالۋاننىڭ ھېلىقى تايغىنى ھە – ھۇ دېگۈچىلا ئۈچ – تۆت توشقان بىلەن بىر جەرەننى ئاپتۇ. ئەمما، بېگىمنىڭ تايغىنى بولسا بىرەر چاقىرىم يول يۈرە – يۈرمەيلا تىللىرى ساڭگىلاپ يۈگۈرۈشتىن قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ھەر قېتىم توشقانغا يېتەي دېگەندە بەگكە قاراپ زوڭ ئولتۇرۇۋالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بەگ بۇ قېتىممۇ ئوسال ئەھۋالدا قاپتۇ. قەييۇم پالۋان بولسا بەگدىن ئۆچىنى ئەنە شۇنداق ئاپتۇ ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن: «بېگىمنىڭ تايغىنى توشقانغا يەتكەندە تەرەتتى قىستاپتۇ» دېگەن ماقال ئەل ئىچىگە تارقىلىپ، تا بىزگىچە كەلگەنىكەن.

# توغرا ھۆكۈم

زامانىنىڭ زامانىسىدا، جاڭگالنىڭ دالدىسىدا بىر كەمبەغەل
كۈن كەچۈرگەنىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ ئادەم كەمبە-
غەللىك ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بېشىنى ئېلىپ سەپەرگە
چىقىپتۇ، يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ، بىر شەھەرگە يېقىن كېلىپ
دەرياغا تاقىلىپ تۇرۇپ قاپتۇ، ئۆتەي دېسە سۇ ئۈزۈشنى بىل-
مەيدىغانلىقى يادىغا كەپتۇ، كېتەي دېسە بېسىپ كەلگەن يول-
نىڭ يىراقلىقى يۈرىكىنى تىلىپتۇ، ئاخىر ئۈستۈن - تۆۋەن
مېڭىپ بىر كېمىچىنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— مېنى كېمىڭىزگە سېلىپ ئۇ قاتقا ئۆتكۈزۈپ قويسى-
ڭىز، — دەپ شەھەر تەرەپنى كۆرسىتىپ يېلىنىپتۇ. بۇ گەپ-
نى ئاڭلىغان كېمىچى:

— مەن خەقنى بىكارغا كېمەمگە سالمايمەن، دەريادىن
ئۆتكۈزۈپ قويسام، ماڭا نېمە بېرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان كەمبەغەل ئىچىدە، مېنىڭ ساڭا بەر-
گۈدەك بىرەرنەرسەم بولىدىغان بولسا، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇر-
تۇمدىن ۋە مېھرىبان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمدىن ئايرىلىپ بۇ
يەرلەرگە كەلمەس ئىدىم، دەپتۇ. لېكىن، شۇنچە يولنى پىيادە
يۈرۈپ مىڭ مۇشەققەتتە بۇ يەرگە كېلىپ، شەھەرگە كىرىپ

ھاياتىنىڭ قىزىقىنى كۆرمەي كەتسەم قانداق بولار، دېگەن ئوي ئۇنى يېنىپ كېتىشكە قويماپتۇ. شۇڭا ئۇ، كېمىچىگە يەنە بىر يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ باققانىكەن، كېمىچىنىڭ دىلى بىر-ئاز يۇمشاپ:

— بوپتۇ، ئۆتكۈزۈپ قويسام قوياي، ئەمما پۇتۇن كىراغا كۆچۈك يەتمىسە، يېرىم كىرا تۆلىگىن، — دەپتۇ.

— يېرىم كىرا قانچە؟

— ئىككى تەڭگە.

— بوپتۇ، دېگىنىڭىز بولسۇن.

— ئەمىسە پۇلنى چىقار! — دەپتۇ كېمىچى كەمبەغەل-نىڭ پۇلى بار - يوقلۇقىنى سىنىماقچى بولۇپ.

— ئۇ قاتقا ئۆتكەندىن كېيىن ئالسىڭىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كەمبەغەل.

كېمىچى كەمبەغەلدىن ئىككى تەڭگە پۇلنى ئۇندۇرۇۋې-لىشقا كۆزى يەتمەي، گۇمان بىلەن:

— ئەگەر ئۇ قاتقا ئۆتكەندىن كېيىن پۇلۇمنى بېرەلمە-سەڭ، قانداق قىلاي؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەگەر، — دەپتۇ كەمبەغەل مەردانىلىك بىلەن، — ئۇ قاتقا ئۆتكەندىن كېيىن پۇلىڭىزنى بېرەلمىسەم، ئىككى يوتامدىن ئىككى سەردىن تۆت سەر گۆشۇمنى كېسىۋېلىڭ !

كېمىچى كەمبەغەلنىڭ بۇ گېپىگە ماقۇل بوپتۇ ۋە ئۇنى كېمىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۇ قاتقا ئۆتۈپتۇ. كېمىچى كېمىنى باغلاپ بولغۇچە، كەمبەغەل شەھەرگە قاراپ قېچىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كېمىچى قولىغا يوغان پىچاقنى ئېلىپ، كەمبەغەلنىڭ ئىككى يوتىسىدىن تۆت سەر گۆشىنى كېسىۋېلىش ئۈچۈن ئۇ-نىڭ ئىزىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ. بىچارە كەمبەغەل جان ھە-لەكچىلىكىدە قېلىپ، ھارغىنىغا قارىماي كېتىۋاتسا، ئارقى-

سىدىن بىر ئادەم:

— ۋاي، مېنىڭ تۆگەمنى تۇسۇۋەتكەن ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىسا، بىر تۆگە قېچىپ كېلىۋاتقۇدەك. بىچارە كەمبەغەل يەرگە ئېڭىشىپ قولىغا بىر تاشنى ئېلىپ تۆگىگە قارىتىپ ئاتقانىكەن، تۆگە پىرقىراپ يەرگە يىقىلىپتۇ. كەمبەغەل تۆگىنىڭ نېمە بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز، كېمىچىنىڭ پىچىقىدىن قورقۇپ قېچىۋېرىپتۇ.


تۆگىچى كېلىپ قارىسا، تۆگىسىنىڭ ئوڭ كۆزىگە كەمبەغەل ئاتقان تاش تېگىپ، كۆزى قۇيۇلۇپ كەتكەن. بۇنى كۆرگەن تۆگىچى: «مەن ساڭا تۆگەمنى تۇسۇۋەت دېسەم، سەن كۆزىنى قۇيۇۋېتىپسەن، مەنمۇ سېنىڭ كۆزۈڭنى قۇيمىسام» دەپ يەردىن كەمبەغەل ئاتقان تاشنى ئېلىپ يۈگۈرۈپتۇ.

كېمىچىگە تۆگىچىنىڭ قوشۇلغانلىقىنى كۆرگەن كەمبەغەل ھوشىنى يوقاتقۇدەك بولۇپ قېچىپ بىر يەرگە كەپتىكەن، ئالدىنى بىر توغرا تام تۇسۇپتۇ. تامنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بىچارە تامغا ئېسىلىپ - يامىشىپ چىقىپ، ئۇ تەرەپكە ئۆزىنى تاشلاپتۇ. تامنىڭ كەمبەغەل يامىشىپ چىقىپ ئۆزىنى تاشلىغان يېرىدە ئۈچ يىلدىن بېرى كېسەللىكتىن ساقىيالماي ياتقان بىر بوۋاي بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ ئولتۇرغانىكەن. كەمبەغەل نەق بوۋاينىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ، يېرىم جان بولۇپ قالغان بوۋاي كەمبەغەلنى كۆتۈرەلمەي جان ئۈزۈپتۇ. بوۋاينىڭ ئوغلى ئاتىسىنى بېسىپ ئۆلتۈرگەن كەمبەغەلنى تۇتۇۋېلىپ، ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ.

ئۆزىنى ئۈچ كىشى قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كەمبەغەل تۇپتوغرا پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپتۇ. ئۈچ

دەۋاگەرمۇ كەمبەغەلنىڭ ئارقىسىدىن چىشلىرىنى بىلەپ ئورـ
دىغا كىرىپتۇ.

بىر ئادەمنى ئۈچ ئادەمنىڭ قوغلاپ كىرگەنلىكىنى كۆرـ
گەن پادىشاھ ياساۋۇللىرىغا، ئاۋۋال قېچىپ كەلگۈچى بىلەن
قوغلاپ كەلگۈچىنىڭ



قورسىقىنى تويغۇـ
زۇپ، ئاندىن ئالدىغا
ئەكىرىشنى بۇيرۇپـ
تۇ. ياساۋۇللار شاھـ
نىڭ بۇيرۇقىنى بەـ
جا قىلىپ، ئۇلارنىڭ
قورسىقىنى تويغۇـ
زۇپ، ئوردىغا ئەـ
كىرگەنىكەن، شاھ
ئالدى بىلەن كېمىـ
چىدىن:

— سېنىڭ بۇـ
نىڭدا نېمە ئۆچۈڭ بار
ئىدى؟ — دەپ
سوراپتۇ.

— مېنىڭ، —
دەپتۇ كېمىچى، —
بۇنىڭدا ئالىدىغان
ئۆچۈم يوق، ئەمما
كېمىگە سېلىپ
ئۆتكۈزۈپ قويغانلىـ
قىم ئۈچۈن ئالىدىـ

غان ئىككى تەڭگە پۇلۇم بار ئىدى، ئۇ پۇلنى تۆلىمەي قاچ-تى. مەن ئۆز ۋەدىسى بويىچە شۇ ئىككى تەڭگە پۇل ئۇچۇن ئىككى يوتىسىدىن تۆت سەر گۆشنى كېسىۋېلىشقا قوغلىغانىدىم.

— سەنچۇ؟ — دەپتۇ شاھ تۆگىچىگە قاراپ، — سېنىڭمۇ ئېلىشىڭ بارمىدى؟

— يوقسۇ، شاھىئالەم، — دەپتۇ تۆگىچى، — مېنىڭ بۇنىڭدىن ئالىدىغان پۇلۇممۇ، گۆشۇممۇ يوق. مەن ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلماقچىمەن.

— نېمە ئۇچۇن؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ.

— مېنىڭ تۆگەم قولۇمدىن چىقىپ كېتىپ قاچقانىدى، كەينىدىن قوغلىسام، كەمبەغەلنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالدى. مەن ھارغانىدىم، يەنە قوغلاشقا كۆزۈم يەتمەي: «ھەي بۇرادەر، تۆگىنى توسۇۋەتكىن !» دېسەم، يەردىن بىر تاشنى ئېلىپ ئېتىۋىدى، ئۇ تاش تۆگەمنىڭ ئوڭ كۆزىگە تېگىپ، كۆزىنى قۇيۇۋەتتى. ئەمدى مەن شۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىنى ئويماقچىمەن.

— سېنىڭچۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ توقماق تۇتۇپ تۇرغان بوۋاينىڭ بالىسىغا قاراپ.

— مېنىڭ دادام ئۇچ يىلدىن بېرى ئاغرىق ئىدى، ھەر كۇنى تام تۇۋىگە ئېلىپ بېرىپ ئاپتاپسىنىدۇراتتىم. بۇگۇنمۇ شۇ ئادىتىم بويىچە دادامنى تام تۇۋىگە ئېلىپ بارغانىدىم. بۇ ئادەم تامدىن ئۆزىنى دادامنىڭ ئۇستىگە تاشلاپ بېسىپ ئۆل-تۇرۇپ قويدى. مەن ھوشۇمنى يىغىپ، ئۇنى تۇتۇپ بولغۇچە، ئۇ قوپۇپ قاچتى. مەن دادامنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىپ ئۇنى قوغلىدىم.

— بۇ قانداق ئىش؟ بۇلارنىڭ سېنىڭ ئۇستۇڭگە قويغان ئەيىبلىرى توغرىمۇ؟ — دەپ كەمبەغەلدىن سوراپتۇ شاھ.

— توغرا! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كەمبەغەل، كېيىن بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ئىلاجسىزلىقىنى ئىزاھلاپ كېلىپ شۇنداق دەپ-تۇ، — مەن بۇ شەھەرگە جان بېقىش ئۈچۈنلا كەلگەنىدىم. ئىككى تەڭگە پۇلۇم بولسا، ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلماس ئىدىم، ئەمما كېمىچى مېنىڭ دەردىمنى چۈشەنمىدى. مەن بۇ شەھەر-گە كىرىۋېلىش ئۈچۈن كېمىچىنى ئالدىدىم ۋە كېمىدىن چۈ-شۈپلا قاچتىم، قالغان ۋەقە باياتىن ئۆزلىرى ئاڭلىغاندەك. ئەمما، مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى ئۆزلۈكۈمدىن قىلغى-نىم يوق.

شاھ كەمبەغەلنىڭ توغرا سۆزلۈك، ئاق كۆڭۈل ئادەملى-كىگە ئىشىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن بالانى دەپنە قى-لىش نىيىتىگە كېلىپ، تۆگىچىگە قاراپ:

— سەن ئۇنىڭ كۆزىنى جەزمەن ئويىماسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— جەزمەن دېگىنىمنى قىلىمەن، شاھىم! — دەپتۇ تۆگىچى.

— خوپ، — دەپتۇ شاھ، — ئۇنداق بولسا، مەن سەن ئۇقمايدىغان بىر يولغا قولۇڭدىكى تاشنى قويۇپ قويىمەن. سەن قاچىسەن، سېنىڭ ئارقاڭدىن كەمبەغەل يۈگۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرى پىچاق ئېلىپ قوغلايدۇ. سەن قاچانىكى مەن قويغان يەردىن تاشنى ئېلىپ كەمبەغەلنىڭ كۆزىگە ئېتىپ قويۇۋەتسەڭ، مېنىڭ ساڭا گېپىم يوق. ئەگەر ئاتقان تېشىڭ كەمبەغەلنىڭ باشقا يېرىگە تېگىپ مېيىپ قىلسا، شۇ گۇنا-ھىڭ ئۈچۈن مەندىن رەنجىمە.

تۆگىچى نېرى ئويلاپتۇ، بېرى ئويلاپتۇ، ئەمما بۇ ئىشنى شاھنىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا كۆزى يەتمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ دەۋادىن ۋاز كېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شاھ بوۋاينىڭ ئوغلىغا قاراپ:

— ھە، سەنچۇ؟ سەن قانداق قىلىسەن؟ — دەپتىكەن، بوۋاينىڭ ئوغلى:

— بۇ مىنىڭ دادامنى ئۆلتۈردى، مەنمۇ بۇنى ئۆلتۈرىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مەن بۇ بىچارىنى سەن ئۇقمايدىغان بىر تامنىڭ تۈۋىگە ياتقۇزۇپ قويىمەن. سەن قاچىسەن، سىنىڭ ئارقاڭدىن ئىككى ئادەم قوغلايدۇ. قوغلىغانلارنىڭ بىرى سىنى تۇتۇۋالسا، ئىككى يوتاڭدىن ئىككى سەردىن تۆت سەر گۆشۈڭنى شىلىۋالىدۇ، يەنە بىرى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئوڭ كۆزۈڭنى قارىغۇ قىلىدۇ. ئەمما، سەن بۇلارغا تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن كۈچۈڭنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ كەمبەغەل ياتقان تامنىڭ تۈۋىگە كېلىسەن - دە، ئۆزۈڭنى تامدىن ئارتىلدۇرۇپ كەمبەغەلنىڭ ئۈستىگە تاشلايسەن، شۇنىڭ بىلەن كەمبەغەل ئۆلىدۇ. ئەگەر سەن كەمبەغەل ياتقان تامنىڭ نەدىلىكىنى تاپالمىساڭ ياكى تاپساڭمۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈڭنى تاشلاپ، سالمىقىڭ بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرەلمىسەڭ، مېنىڭدىن ياخشىلىق كۈتمە!

بوۋاينىڭ ئوغلى شاھنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ دادىسىنىڭ خۇنىدىن كېچىپتۇ.

— سەنچۇ؟ — دەپتۇ شاھ كېمىچىگە قاراپ.

— ئەگەر ماڭا ئىككى تەڭگە پۇلۇمنىلا بېرەلىسە، مەن ئۇنىڭ تۆت سەر گۆشىدىن ئالىقاچان كېچەتتىم، — دەپتۇ كېمىچى.

شاھ كېمىچىنىڭ ئەجرىنى نەزەردە تۇتۇپ، يېنىدىن بىر تىللا ئېلىپ كېمىچىگە بېرىپتۇ. كېمىچى كەمبەغەل بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، شاھقا دۇئا قىلىپ يېنىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شاھمۇ كەمبەغەلنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا يەتكۈدەك ئىنئام بېرىپ يولغا سالپتۇ.

# گومۇش شاھزادە بىلەن چېچەن قىز

بىر بار ئىكەن، بىر يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئوغلى گومۇش ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ئوۋغا چىقىپتۇ، قايتىشىدا بوران چىقىپ كېتىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدىن بىر قامغاقنى شامال ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ:

— بالام، بېرىپ قامغاقتىن: «ئۇچۇشۇڭ نېمە؟ تۇرۇشۇڭ قەيەر؟» دەپ سوراپ كەلگىن، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئوغلى قامغاقنىڭ كەينىدىن ئات چېپىپ كېتىپتۇ، قامغاققا يېتىشىپ:

«ئەي قامغاق، ئۇچۇشۇڭ نېمە؟ تۇرۇشۇڭ قەيەر؟» دەپ سوراپتۇ.

قامغاق جاۋاب بەرمەستىن موللاق ئېتىپ كېتىۋېرىپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن: «ئۇچۇشۇڭ نېمە؟ تۇرۇشۇڭ قەيەر؟» دەپ سوراپ قوغلاۋېرىپتۇ، قوغلا - قوغلا، بىر دېھقاننىڭ ھويلىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ.

دېھقاننىڭ بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ ئۆگزىدىن ئېشەككە بېدە تاشلاۋاتسا، چىرايلىق كىيىنگەن بىر يىگىت شامال ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقان قامغاقنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرگۈدەك.

قىز يىگىتنىڭ قىلىقىغا ھەيران بولۇپ:
— ھەي يىگىت، قامغاقنىڭ كەينىدىن نىمىدەپ كېتىپ بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
— دادام قامغاقتىن: «ئۇچۇشۇڭ نىمە؟ تۇرۇشۇڭ قەيەر؟» دەپ سوراپ كەلگىن، دىگەنىدى، قامغاق ئېيتىپ بەرمەيۋاتىدۇ، — دەپ يىغلاپتۇ شاھزادە. قىز چوپچوك يىگىتنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ زاڭلىق قىلىپ:
— ھەي ئەخمەق، بېرىپ داداڭغا ئېيتقىن، قامغاقنىڭ ئۇچۇشى شامال، تۇرۇشى ئازگال، — دەپتۇ. شاھزادە قىزغا كۆپ رەھمەت ئېيتىپ، شەھەرگە قايتىپتۇ.
— قامغاق نىمىدەپ جاۋاب بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.
— «ئۇچۇشۇم شامال، تۇرۇشۇم ئازگال» دەپ جاۋاب بەردى، — دەپتۇ شاھزادە.
— بۇنى ساڭا كىم ئېيتىپ بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.
— قامغاق، — دەپتۇ شاھزادە.
— ھەي ئەخمەق، — دەپتۇ پادىشاھ ئاچچىقى كېلىپ، — قامغاقمۇ گەپ قىلامدىكەن؟ !
شاھزادە ئىشنىڭ ئەپلەشمىگىنىنى كۆرۈپ، بىر دېھقاننىڭ قىزى ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى دەپتۇ. پادىشاھ ئوغلىغا:
— مېنى باشلاپ بارغىن، — دەپتۇ ۋە ساراي ئەمەلدارىغا بىر بوقىنى يېتىلىتىپ، ھېلىقى قىزنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. قىزنىڭ دادىسى پادىشاھنى توققۇز تەزىم قىلىپ قارشى ئېلىپ ئۆيىگە باشلاپتۇ.
— ساڭا بىر بوقا ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ پادىشاھ بوۋايغا، — بوقىنى قىرىق كۈندە تۇغدۇرۇپ موزىيى بىلەن

بىرىسەن، ئەگەر بۇقىنى تۇغدۇرالمىساڭ، سېنى جازالايمەن.

— قۇدرەتلىك شاھىم، بۇقىنى قانداق تۇغدۇرىمەن؟ ماڭا رەھىم قىلىڭ، — دەپ يىلىنىپتۇ بوۋاي. پادىشاھ بوۋاينىڭ يىلىنىشىغىمۇ قارىماي، ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. شۇ چاغدا قىز ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خوش، بولىدۇ، پادىشاھىئالەم، بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلغايمىز، — دەپتۇ. پادىشاھ قايتىپ كېتىپتۇ. بوۋاي قىزى بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ.

— ئاغرىماس بېشىمغا ئالتە تاياق دەپ، يوق بالانى تاپتىڭ، قىزىم، بۇقىمۇ تۇغامدۇ؟ — دەپتۇ بوۋاي.

— قىلچە غەم قىلماڭ، دادا، — دەپتۇ قىز، — بۇ بىزگە كەلگەن رىزىق، ھازىرلا چىقىپ بۇقىنى سويۇڭ، قىشچە سوقۇم قىلىپ يەيمىز.

بوۋاي:

— ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ؟ — دەپتۇ قىزىغا جان - پىنى چىقىپ، — بۇقا ئۆچۈن پادىشاھقا نېمە بىلەن جاۋاب قىلىد-سەن؟ قاراپ تۇرۇپ مېنى بالاغا قويماقچىمۇسەن؟

— ئورۇنسىز خاپا بولىدىكەنسىز، دادا. بۇقىنى سويۇڭ دېگەندىكىن سويۇڭ، ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن، — دەپتۇ قىز.

ئۇ دېمەڭ، بۇ دېمەڭ بىلەن بوۋاي بۇقىنى سويۇپتۇ، گۆ-شىنى تۇزلاپ سوقۇم قىلىۋاپتۇ. قىرىق بىر كۈن بولغاندا قىز بوۋاينى چۈمكەپ ياتقۇزۇپ، ئىشىك ئالدىغا كۆشۈكنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى ئۆگزىگە چىقىپ پادىشاھنىڭ يولىغا قاراپ ئول-تۇرۇپتۇ.

بىر چاغدا پادىشاھ نۇرغۇن ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن بوۋاينىڭ ئۆيىگە كەپتۇ.

— ئەسسالام، — دەپ ئېگىشىپ سالام بېرىپتۇ قىز. پادىشاھ ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى كۆشۈكنى كۆرۈپ، قىزدىن سوراپتۇ:

— بىركىمنىڭ كۆزى يورۇپ قالدىمۇ؟

— ھە، ئۆيدە تۇغۇتلۇق بار ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز كۆشۈكنى تېپىۋېتىپ، — قېنى كىرىۋېرىڭلار.

پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرى بىلەن ئۆيگە كىرىپتۇ.

— قىزىم، كىمنىڭ كۆزى يورۇپ قالدى؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— تۇنۇگۇن كېچە دادامنىڭ كۆزى يورۇپ قالدى، كۆرسىلە، — دەپتۇ قىز. پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— ھوي قىزىم، ئەر كىشىمۇ تۇغامدىكەن؟ — دەپتۇ.

— ۋاي پادىشاھىئالەم، سىلى پۇقرالارغا: «بۇقىنى تۇغدۇرۇڭلار» دېگەندىن كېيىن ئەرلەر تۇغىدىغان بولۇپ قاپتۇ، — دەپتۇ - دە، قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

كىچىككىنە قىزدىن گەپتە يېڭىلىپ قالغان پادىشاھ قاتتىق ئۇيلىپتۇ. ئۇ بۇ قىزنىڭ زېرەكلىكىگە قول قويۇپ، مۇشۇ قىز ماڭا كېلىنلىككە لايىق ئىكەن، ئوغلۇمغا ئېلىپ بەرسەم، مېنىڭدىن كېيىن قالسىمۇ تەختنى قولدىن بەرمەي، ئوغلۇمغا ئىش ئۆگىتىدىكەن، دەپ ئويلاپ، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ۋەزىرنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. قىز بىلەن بوۋاي رازى بوپتۇ.

پادىشاھ ناھايىتى چوڭ توي - تاماشا قىلىپ، قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

# باغۋەن بوۋاي

بۇرۇن بۇرۇنسىدا بىر دېھقان بولغانىكەن، كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تىنماي ئىشلەپ، بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئوۋغا چىقىپ كېتىۋاتسا، بېلى مۈك-چەيگەن، قوۋۇرغىسى كۆرۈنۈپ قالغان ھېلىقى دېھقان بىر پارچە يەرگە كۆچەت تىكىپ باغ قىلىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ كۈلۈپ كېتىپ: «ھاماقەت» دەپتۇ - دە، ئېتىنى توخ-تىتىپ بوۋايغا:

— ھەي قېرى، ئۆمرۈڭنىڭ غولىچى تۈگەپ، غېرىچى قاپتۇ، بەربىر بۇ كۆچەتلەرنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمەيسەن، ئاۋارە بولۇپ جېنىڭنى قىينىغۇچە، ئارام ئالساڭ بولماسمى-دى؟ — دەپتۇ. بوۋايغا:

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، مەن ھازىر ئارام ئالمايمەن، مەڭگۈ ئارام ئالىدىغان ۋاقتىممۇ ئاز قالدى. سىلى دېگەندەك، بۇ كۆچەتلەرنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمەيمەن، ئەمما مەندىن كېيىن قالغان ئادەملەر يەپ مېنى ئەسلىشەر، شۇ چاغدا دۇنيادا مې-نىڭ قىلغان جاپالىق ئەمگىكىممۇ، نامىممۇ مەندىن كېيىنكى ئەۋلادلار بىلەن قالار دەيمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ بوۋاينىڭ سۆزىگە ھەيران قېلىپ:

— باركاللا، قىزى، — دەپتۇ - دە، مىڭ تەڭگە ئىنئام قىپتۇ. باغۋەن بوۋاي پادىشاھ بەرگەن مىڭ تەڭگىنى قولىغا ئېلىپ، يولغا قاراپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— نېمىگە كۈلىسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— باشقا ئادەملەر كۆچەت قويۇپ تۆت - بەش يىلدىن كېيىن مېۋىسىگە ئاغزى تەگسە، مەن قويغان كۆچەتنىڭ مېۋىسىگە شۇ يىلىلا ئاغزىم تەگكەنلىكىگە كۈلدۈم، — دەپتۇ بوۋاي.

پادىشاھ بوۋاينىڭ بۇ مەنىلىك سۆزىگە قايىل بولۇپ، يەنە مىڭ تەڭگە ئىنئام قىپتۇ. بوۋاي يەنە كۈلۈپتۇ.

— يەنە نېمىدەپ كۈلۈۋاتىسەن، بوۋاي؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— نېمىشقا كۈلمەيمەن، پادىشاھىم، بارچە ئادەم يىلدا بىر قېتىم ھوسۇل ئالسا، مەن يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالغىنىمغا كۈلىمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

پادىشاھ بوۋاينىڭ سۆزىگە تېخىمۇ قىزىقىپ، يەنە مىڭ تەڭگە بېرىپتۇ. بوۋاي يەنە كۈلۈپ:

— يەر يۈزىدە بىر يولى ئۈچ قېتىم ھوسۇل بېرىدىغان مېۋە تىككىنىمگە كۈلىمەن، — دەپتۇ.

# بارىكاللا

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان بار ئىكەن. يازىچە قىلغان دېھقانچىلىقىدىن تاپقىنى يېمەك-ئىچمەككە، كىيىم-كېچەككە يەتمەيدىكەن. دېھقان بۇ ئېغىر تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەپ، ئاخىر بىر پىكىرگە كەپتۇ. ئۇ قىش باشلىنىش بىلەن بىر ئۆيىنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەپ چىلگە تېرىپتۇ، چىلگىمۇ پىشىپتۇ. دېھقان چىلگىنىڭ باش-بۇرنىنى پادىشاھقا سوۋغا قىلىپ ئاپىرىپتۇ.

پادىشاھ قىش پەسلىدە چىلگىنىڭ پىشىشىغا ئىشەنمەيرەك، دېھقاندىن:

— قىشتىمۇ چىلگە پىشۇرۇپسەن-ھە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھە، شۇنداق، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېھقان.

— بارىكاللا ! — دەپتۇ پادىشاھ ھەيرانلىقتا، كېيىن يەنە، — قىشتا چىلگە پىشۇرۇشنىڭ يولىنى ئۆزۈڭ تاپتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خوش، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېھقان. پادىشاھ كۈلۈپ تۇرۇپ يەنە:

— بارىكاللا ! — دەپتۇ. پادىشاھ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ، — مۇشۇ چىلگىنىڭ باش-بۇرنىنى پادىشاھ يېسۇن دەپ ئەكەلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، تەقسىر، — دەپتۇ دېھقان. پادىشاھ يەنە بىر قېتىم:

— بارىكاللا ! — دەپتۇ. لېكىن، دېھقاننىڭ شۇنچە مېھ- نەت قىلىپ پىشۇرۇپ، ئەقىدە بىلەن ئېلىپ كەلگەن چىلگى- سىنىڭ قەدرىگە يەتمەي، دېھقانغا ھېچ نەرسە ئىنئام قىلماپتۇ.

دېھقان پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن يېنىپ چىققاندىن كې- يىن، قورسىقى بەك ئېچىپ كېتىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا بىر ئاش- خانىدا: «پولۇ، مانتا» دەپ ۋارقىراپتۇ ئاشپەز. دېھقان ئويلى- نىپ، تاماق يېيىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپتۇ، يىگىرمە مان- تا بۇيرۇپتۇ ۋە مانتىنى يەپتۇ. قورسىقى تويغاندىن كېيىن، ئاشپەزنى چاقىرىپ:



— ئۇستام، مۇشۇ مانتا ئاشۇ قاسقاندا پىشتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە، — دەپتۇ ئاشپەز. دېھقان:

— بارىكاللا ! — دەپتۇ ۋە يەنە سوراپتۇ، — ئۇستام، مۇشۇ مانتىنى ئۆزلىرى ئەتتىلىمۇ؟

— ھەئە، — دەپتۇ ئاشپەز. دېھقان يەنە:

— بارىكاللا ! ناھايىتى ئوخشاپتۇ، بارىكاللا ! — دەپ، مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىمەي ئاشخانىدىن چىقىپ مېڭىپتۇ. بۇ ئىشقا ئاچچىقى كەلگەن ئاشپەز تېرىكىپ:

— قانداق نېمىسەن؟ ! مانتا دېگەن پۇلغا كېلىدۇ، سېنىڭ قۇرۇق بارىكاللاڭغا بېرىدىغان مانتا يوق. ئەكەل پۇلنى ! — دەپ دېھقاننىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ. دېھقانمۇ بوش كەلمەي، ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشىپتۇ. ئاچچىقىغا بەس كېلەلمىگەن ئاشپەز دەررۇ دېھقاننى سۆرەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، ئەرز قىپتۇ. پادىشاھ دېھقاندىن:

— نېمىشقا مانتىنى يەپ، پۇلىنى تۆلىمىدىڭ؟ — دەپ غەزەپلىنىپ سوراپتۇ. دېھقانمۇ ھودۇقماي:

— تەقسىر، بايا جانابلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا قىشتا پىشۇرغان چىلگىنى سوۋغا قىلىپ ئېلىپ كەلگىنىمدە، جانابلىرى چىلگىنىڭ بەدىلىگە ئۈچ «بارىكاللا» بەرگەنىدىلە، بۇنىڭغا مانتا بولسىمۇ ئېلىپ يەي دەپ، بۇ ئۇستامدىن يىگىرمە مانتا ئالدىم. مانتا ھەققىگە «بارىكاللا»دىن ئۈچنى بەرسەم، جانابلىرى بەرگەن بارىكاللىنى يىگىرمە مانتىغا تەڭ قىلماي جېدەل چىقاردى. ئۆتكەن ئەھۋال مانا شۇ. بۇنى ئۆزلىرى تەھقىقلەپ بەرسىلە ! — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ يەك ئوسال بوپتۇ ـ دە، دەررۇ ئاشپەزنىڭ پۇلىنى ئۆزى تۆلەپ، دېھقانغا ئىلىم ئىنئام بېرىپتۇ.

# ئەركەكمۇ، ئۇرغاچىمۇ

بۇرۇن بۇرۇندا، تىرىق تۇلۇمدا، يىتىم بۇلۇڭدا ئىكەن. مانا شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر شەھەردە بىر بېلىقچى ياشىغانىكەن. ئۇنىڭ بالىلىرى كۆپ، ھال - ئوقىتى ناچار ئىكەن، يىغلاپ - قاقشاپ بېلىقچىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، تورغا ناھايىتى يوغان، رەڭگى بەكمۇ چىرايلىق بىر بېلىق چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن بېلىقچى بېلىقنى پادىشاھقا تارتۇق قىلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە پادىشاھتىن جىقراق پۇل ئېلىش تەمەسى بىلەن ئولجىنى كۆتۈرۈپ شاھنىڭ ئوردىسىغا ئاپىرىپتۇ ۋە بېلىقنى پادىشاھنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. بېلىق شاھقا مەنزۇر بولۇپ، بېلىقچىغا مىڭ تىللا بېرىشنى خەزىنىچىگە بۇيرۇپتۇ. شاھنىڭ بۇ ئەمرىنى ئۇنىڭ ئىچى تار بىر ۋەزىرى ماقۇل كۆرمەي:

— شاھىم، — دەپتۇ خۇشامەت بىلەن، — بىر بېلىققا مىڭ تىللادىن ئىنئام قىلىۋەرسىلە، ئاز كۈندە خەزىنە قۇرۇقدىلىپ قالامدۇ؟ خەزىنە قۇرۇقدىلىپ قالسا، بىزنىڭ ھالىمىز نىمە بولار؟

— مەن بەردىم، — دەپتۇ شاھ، — سىنىڭ ئىچىڭ ئاغرىغان بولسا، قولۇڭدىن كەلسە قايتۇرۇۋالغىن.

— خوپ، شاھىم، بېلىقنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇۋېلىش مەن-

دىن، بېلىقچىنى قايتۇرۇپ كېلىش سىلىدىن بولسۇن.

ۋەزىرنىڭ دىتىنى سىناپ كۆرمەكچى بولغان شاھ يېنىدىكى ياساۋۇللىرىدىن بىرىنى بۇيرۇپ، بېلىقچىنى ئوردا ئىشىكىدىن ياندۇرۇپ كىرىپتۇ. رەڭگى ئۆڭگەن بېلىقچىنى ئۆز ئالدىدا كۆرگەن ۋەزىر پادىشاھقا خۇشامەت قىلىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، بېلىقچىغا قاراپ:

— شاھىمىز سېنىڭ ئېلىپ كەلگەن بېلىقىڭنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالدى. بېلىقىڭنىڭ ئەركەك ياكى ئۇرغاچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن سېنى چاقىرتقۇزغانىدىم. قېنى، ئېيتىپ باققىنا، بېلىقىڭ قايسى جىنسقا كىرىدۇ؟ — دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئۆزىنى سۆزدە يېڭىلدۇرۇپ، بېلىقىم ئەركەك دېسە، ئۇرغاچىنى تېپىپ كەل، ئۇرغاچى دېسە، ئەركىكىنى تېپىپ كەل، ئاندىن مىڭ تىللانى ئېلىپ كەت، دەپ ئۇنىڭغا بېرىلگەن مىڭ تىللا ئىنئامنى قايتۇرۇۋېلىش قەستىدە بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن بېلىقچى تەمكىن تۇرۇپ:

— تەقسىر، بۇ بېلىق ئەركەكمۇ، ئۇرغاچىمۇ ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇزلا تورغا چۈشكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

چېچەنلىك بىلەن ۋەزىرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويغان بېلىقچىنىڭ سۆزىگە كۆڭلى سۆيۈنگەن شاھ بېلىقچىغا يەنە مىڭ تىللا ئىنئام بېرىپ يولغا ساپتۇ.

# دانىشمەن ۋەزىر

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ناھايىتى ئەقىللىق، دانىشمەن بىر ئوڭ قول ۋەزىرى بولغانىكەن. ئۇ دائىم خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىكەن، ئاجىز، كەمبەغەللەرنىڭ ئەرز - ھالىغا يېتىدىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئابرۇيى كۈندىن - كۈنگە كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇنى كۆرەلمىگەن سول قول ۋەزىر بىلەن ئەمەلدارلار بىر ئىلاج قىلىپ ئۇنى يوقىتىشنى قەستلەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇلار مەسلىھەتلىشىپتۇ.

— ئۇنى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرەيلى، — دەپتۇ بىر ئەمەلدار.

— ياق، ئۇنداق قىلساق، پادىشاھ بىلىپ قالىدۇ، — دەپتۇ سول قول ۋەزىر.

— ئەمىسە، قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ ئەمەلدارلار.

— پادىشاھنىڭ ئۆز قولى بىلەن يوق قىلىمىز. پادىشاھقا: «سىزنىڭ دانىشمەن ئوڭ قول ۋەزىرىڭىزنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ. سىز پادىشاھلارنىڭ ئىچىدە ئابرۇيلۇق پادىشاھ بولغاندىكىن، ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن ئاسمانغا تۈۋرۈكى يوق تەخت سېلىشنى تاپشۇرسىڭىز» دەيمىز. بۇ ئىشنى ئوڭ قول ۋەزىر قىلالمايدۇ. ئاندىن ئۇنى پادىشاھ ئۆزى يوقىتىدۇ، — دەپ-

تۇ سول قول ۋەزىر. بۇ مەسىلىدىكە ھەممىسى ماقۇل بوپتۇ.
ئەتىسى سول قول ۋەزىر پادىشاھنىڭ يالغۇز ئولتۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ھېلىقى سۆزىنى دەپتۇ. ئابرۇيپەرەس پادىشاھ بۇنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرنى قىچقىرىپ، ئاسمانغا تۇۋرۇكى يوق تەخت سېلىشنى تاپشۇرۇپتۇ. بۇ مۈشكۈل ئىش ئۈچۈن بىر ئاي ۋاقىت بېرىپتۇ، ئەگەر بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ بىلەن تالىشىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ۋەزىر گەپ قىلماي چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئۇزاق ئويلاپتۇ، ئاخىر ئىلاجىنى تېپىپتۇ.
ئەتىسى ئوڭ قول ۋەزىر يىراق بىر جاڭگالغا بېرىپتۇ، ئادەم تىلىنى ئۆگەتسە ئۆگىنىدىغان قۇشنىڭ بالىسىدىن بىرنەچچىنى تۇتۇپ: «لاي ـ لاي، كېسەك ـ كېسەك» دېگەن سۆزلەرنى ئۆگىتىپتۇ، ئاندىن ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ.
— پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ ۋەزىر پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ، — مەن ئاسمانغا تۇۋرۇكى يوق تەخت سالىدىغان ئۇستىلارنى تاپتىم. ئۇلار ئوردىنىڭ ئۇستىگە كېلىپ: «لاي ـ لاي، كېسەك ـ كېسەك» دەيدۇ. سول قول ۋەزىر ئۇلارغا لاي، كېسەك يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرسا، مەن ئۇستىلارنىڭ قېشىدا تۇرۇپ تەختنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەي.
ۋەزىر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پادىشاھ سول قول ۋەزىرنى چاقىرىپ، ئۇستىلارغا لاي، كېسەك يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپشۇرۇپتۇ.
قۇشلار ئوردىنىڭ ئۇستىدە چۆرگىلەپ ئۇچۇپ: «لاي ـ لاي، كېسەك ـ كېسەك» دەپ سايرىشىپتۇ. سول قول ۋەزىرنىڭ ئادەملىرى لاي، كېسەكلەرنى ئاسمانغا ئېتىپتۇ، يەتكۈزەلمىگەنسېرى بەكرەك ئېتىپتۇ، بىردەمدە ئوردىنىڭ ئىچى



لاي، كېسەك-
لەر بىلەن
تولۇپ كې-
تىپتۇ، ئى-
شىك، دېرى-
زە، تاملارنىڭ
رەسۋاسى چى-
قىپتۇ. پادى-
شاھ تېرىكىپ
ۋارقىراپتۇ.
سول قول ۋەزىر قورقىنىدىن پايپېتەك بولۇپ كېتىپتۇ.

بىرھازادىن كېيىن ئوڭ قول ۋەزىر كېلىپ، پادىشاھقا:

— ئۇستىلارغا لاي، كېسەك يەتكۈزۈپ بېرەلمەپتۇ، ئۇلار هازىر بىكار تۇرۇپ قالدى، — دەپتۇ.

غەزىپىگە بەس كېلەلمەي تۇرغان پادىشاھ سول قول ۋەزىرنى قىچقىرىپ:

— سەن نېمىشقا لاي، كېسەكنى يەتكۈزۈپ بېرەلمەيسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، ئۇستىلار ئاسماندا تۇرسا، قانداق يەتكۈزگىلى بولىدۇ؟ بۇ ئىش ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن، — دەپتۇ سول قول ۋەزىر.

— شۇنچىلىك ئىش سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمىسە، ئاسمانغا تۇۋرۇكى يوق تەخت سېلىش مەسلىھىتىنى نەدىن تاپتىڭ؟ بۇنىڭغا كېلىدىغان ئۆلۈم ساڭا لازىم، — دەپ، پادىشاھ كۆرەلمەس سول قول ۋەزىرنى توسۇن ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلىتىپ قويۇپ بېرىپتۇ، كۆرەلمەس ئەمەلدارلارنى ئەمەللىرىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇلارنى ئوردا تازىلاشقا قويۇپتۇ.

# كۆچۈلدىكىدەك كېلىن

بۇرۇن بۇرنىكەن، توخۇ تۇرنىكەن، مانا شۇنداق زامانلار-
نىڭ بىرىدە بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئادەم شەھەرنىڭ قىر-
شىدا دېھقانچىلىق قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئىككىلا تاقاشقۇدەك
بولغان بىر ئوغلى بولۇپ، ئەقىل - ھوشى سەل كەمرەك ئى-
كەن، سودا - سېتىق ئىشلىرىغا ئامراق ئىكەن. ئۇ ئادەم بىر
كۈنى ئىشتىن يېنىپ، مۇنداق خىيالغا كەپتۇ: ئوغلۇم كۈندىن -
كۈنگە چوڭ بولۇۋاتىدۇ، ئەمدى ئۆيلەپ قويماي بولمايدۇ. ئوغلۇم-
نى يولغا سالالايدىغان، كۆچۈلدىكىدەك كېلىن تاپسام ياخشى
بولاتتى. بىراق، ئۇ ئادەم مۇنداق قىزنى ئۇرۇق - تۇغقان،
قوۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ ئىچىدىن ئىزدەپ تاپالماپتۇ. ئا-
خىر، خېلىدىن بېرى ئوغلۇمنى تۇزۇكرەك ئىشقا سېلىپ
كۆرمەپتىمەن، بىر ئىشقا بۇيرۇپ باقاي، ئاز - پاز ئەقىل
كىرگەن بولسا ئەجەب ئەمەس، دەپ، يانچۇقىدىن ئىككى پۇل
ئېلىپ ئوغلىغا بېرىپتۇ - دە:

— بالام، بۇ پۇلغا بازاردىن بىزگە ئوزۇق، كالىغا بوغۇز،
توخۇغا دان ئېلىپ كەلگىن، — دەپتۇ.

ئوغلى پۇلنى ئېلىپ بازارغا بېرىپ، ئۇنىڭ - بۇنىڭ با-
ھاسىنى سوراپ كۆرۈپتۇ، قارىسا، بۇ پۇلغا پەقەت بىرلا نەر-
سە كېلىدىكەن، بازارنى ئايلىنىپ، دادىسى دېگەن سودىلىقنى

تاپالمىغاندىن كېيىن بېشى قېتىپتۇ ۋە ئۆيىگە يېقىن بىر خالتا كوچىغا كىرىپ، قولۇپلاقلىق بىر ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇ بالىنىڭ بۇنداق تۇرغىنىنى كۆرگەن بىر قىز ئويناۋاتقان يېرىدىن قوپۇپ، ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بالا قىزغا قاراپمۇ قويماپتۇ. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى قىز تالاغا چىقسا، بايىقى بالا يەنە ئۆز جايىدا قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇرغۇدەك. قىز ئۇ بالىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق تۇرغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ سوراپتۇ:

— ھوي بالا، سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز يوقمۇ؟ بايا شۇنداق تۇرۇۋىدىڭىز، تېخىچە قوزغالماپسىز!

— مېنىڭغۇ ئىشىم بار ئىدى، — دەپتۇ بالا ئىزا تارتقانلىقىنى بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشىپ، — شۇ ئىشىمنىڭ تۈگۈنىنى يېشەلمەي مۇشۇنداق تۇرىمەن.

— ئېيتىڭا، ئۇ قانداق تۈگۈن؟ مەن ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ قىز. بالا:

— دادام ماۋۇ پۇلغا بىزگە ئوزۇق، كالىغا بوغۇز، توخۇغا دان ئېلىپ كەل، دېۋىدى، بازارغا بېرىپ ئۇنى - بۇنى سوراپ باقسام، بۇ پۇلغا شۇ ئۈچ نەرسىنىڭ بىرىلا كېلىدىكەن. دادامنىڭ ئالدىغا نېمىدەپ بېرىشىمنى بىلمەي تۇرىمەن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىز مۇلايىملىق بىلەن:

— مەن ئېيتىپ بەرسەم، خوش بولامسىز؟ — دەپتۇ. بالا خىجىللىقتىن يەرگە قاراپ، تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇپتۇ.

— بازارغا بېرىپ، پۇلىڭىزغا قوغۇن ئېلىڭ، ئۇنىڭ ئېتى سىلەرگە ئوزۇق، شاپىقى كالىغا بوغۇز، ئۇرۇقى توخۇغا دان بولىدۇ، — دەپتۇ قىز.

بالا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تۇرۇپ ئويلىسا راست، قىزغا

رەھمەت ئېيتىپتۇ، بازارغا بېرىپ قوغۇندىن بىرنى ئېلىپ ئۆيگە بېرىپتۇ. دادىسى ئوغلىنىڭ كېچىكىپ كەلگەنلىكىدىن، بۇيرۇغان نەرسىنى تاپالمىغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ ۋە:

— بۇنى ئۆزۈڭ ئويلاپ تېپىپ ئەكەلدىڭمۇ ياكى بىر كىم ئەقىل كۆرسەتتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بالا دادىسىغا راستىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ئادەم، ھە، مېنىڭ ئوغلۇمنى يولغا سالىدىغان، چىرىغىمنى ئۆچۈرمەيدىغان كۆ-ڭۈلدىكىدەك كېلىننى ئەمدى تاپتىم دەپ، ئوغلىنى ئالىدىغا سېلىپ بېرىپ قىزنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ قويۇپ يېنىپ كەپتۇ، كېيىن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ ۋە ئىككى تەرەپ كېلىشىپ تويلىشىپتۇ.



# تەۋبەلىك باغۋەن

قەدىمكى زاماندا بىر باغۋەن ئۆتكەنىكەن. ئۇ باغۋەنىنىڭ ناھايىتى گۈزەل بېغى بار ئىكەن. باغۋەن بىر كۈنى باغقا كىرىپ قارىسا، ئۈچ ئادەم مېۋە يەۋاتقۇدەك. باغۋەن ئۇلارنى قوغلاپ چىقىراي دەپتۇيۇ، لېكىن يەنە، مەن يالغۇز، ئۇلار ئۈچ ئادەم تۇرسا، قانداقمۇ كۈچۈم يەتسۇن، باشقىچە بىر تەدبىر قوللانمىسام بولمىغۇدەك، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپتۇ. بۇ ئۈچ كىشىنىڭ بىرى موللا، بىرى غوجىزادە، بىرى سوپى ئىكەن. باغۋەن سوپىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي سوپۇم، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ بۇ ئۇلۇغلارنىڭ تېگىگە سېلىپ بېرىشكە گىلەم ئەكېلىڭ.

سوپى ماقۇل دەپ گىلەمگە مېڭىپتۇ. ئاندىن باغۋەن موللا بىلەن غوجىزادىگە مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر موللا ۋە غوجام دەپ ياخشى نامغا ئىگە بولغان زاتلار. موللام، بىز سىلەرنىڭ پەتىۋالىرىڭلار بىلەن نان يەيمىز ۋە سىلەرنىڭ ئىلىملىرىڭلارنىڭ قانىتى بىلەن ئۇچىمىز. مۇنۇ غوجام بولسا، كەلگۈسى سۇلتانىمىزدۇر ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان زاتتۇر. ئۆيگە گىلەمگە كەتكەن سوپى بولسا، پەسكەش ۋە قورساق تويغۇزۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان چۈپرەندىدۇر. ئۇنىڭ ھەربىرلىرىدەك ئۇلۇغ زاتلار

بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا لاياقىتى يوقتۇر. سوپى گىلەمنى ئېلىپ كەلسە، ئۇنى ھەمراھ قىلماي تاماشا قىلىشقايلا. باغ دېگەن ھەربىرلىرىنىڭ شەرىپىگە قارىغاندا ھېچ نەرسە ئەمەس، بەلكى مېنىڭ مۈلكۈم ھەربىرلىرىنىڭ مۈلكىدۇر.

باغۋەن سوپىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ:

— ئەي پەسكەش سوپى، كىشىنىڭ بېغىغا رۇخسەتسىز كىرگەنلىك سوپىلىق بولامدۇ؟! جۇنەيدىل باغدادى ۋە باشقا پىرلىرىڭ مۇشۇنداق تەلىم بەرگەنمىدى؟! — دەپ سوپىنى قاتتىق ئۇرۇشقا باشلاپتۇ ۋە ئۇنىڭ بېشىنى زەخىملەندۈرۈپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇپتۇ. سوپى كۆڭلىدە: «ئەي موللام ۋە غوجام، سىلەر ھەم مەندەك بولۇشنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار. مەن تاياق يېدىم، لېكىن مەن ماۋۇ مەككار باغۋەندىن ياخشىراق ئىدىم. كىشىنىڭ ئالدىمىغا چۈشكەن ھەرقانداق ئەخمەق كىشى مۇنداق شەربەتنى ئىچمەي قالمايدۇ. ماڭا ھەرقانداق ئىش بولغان بولسا، سىلەرگە ھەم بولغۇسىدۇر. بۇ جاھان گويا بىر تاغدۇر، تاغقا نېمىدەپ ۋارقىرىساڭ، ئەكس سادا دەرھال قايتىپ كېلىدۇ، يەنى ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرىڭ ھەممىسى ساڭا قايتىپ كېلىدۇ... » دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

باغۋەن سوپىنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويغاندىن كېيىن، غوجامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي غوجام، سىلىگە ئاتاپ ئالىي تاماق تەييارلاپ قويغاندىم. ئۆيۈمگە بارسىلا، قىماز ئىسىملىك بىر ئايال بار، كاۋاپ بىلەن ناننى ئېلىپ بېرىدۇ، باغقا ئېلىپ كەلسىلە، — دەپتۇ. باغۋەن غوجامنى يولغا سېلىپ بولۇپ، موللامغا:

— ئەي موللام، سىزنىڭ ئالىملىقىڭىز روشەن - ئاشكارىدۇر، غوجا بولسا: «مەن ئۇلۇغ» دەپ دەۋا قىلىدۇ، ئەمما ئۇ

ھەرگىزمۇ سىز بىلەن تەڭ بولالمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇش سىزگە نۇقسان كەلتۈرۈپ قويىدىكەن، — دەپتۇ. باغ-ۋەن موللامنى ئالداپ قويۇپ، غوجامنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئېشەك، مېنىڭ بېغىمغا سېنى كىم چىللىدى؟! ئوغرىلىق ساڭا پەيغەمبەردىن مىراس قالغانمۇ؟!

باغۋەن غوجىنى قاتتىق ئۇرۇپ، ئۇنىمۇ چالا ئۆلۈك قىپ-تۇ. غوجام دىلىدا موللامنى ياد ئېتىپ كۆزىگە ياش ئېلىپ شۇنداق دەپتۇ: «ئەي موللا، سەن يالغۇز قالدىڭ، سەنىمۇ دۇمە-باق كەبى تاياققا تەييار بولغىن. مەن گەرچە ساڭا ھەمراھلىق-قا لايىق بولمىسامۇ، لېكىن زالىم باغۋەندىن ياخشىراق ئى-دىم. ئەي موللا، سەن مېنى باغۋەننىڭ ئالدىغا سېلىپ قوي-دۇڭ، بۇ قىلغىنىڭ ئەخمەقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ماڭا بولغان ئاراز، تاياق ھەم ساڭا بولغۇسىدۇر».

باغۋەن غوجىنى چالا ئۆلۈك قىلىپ بولۇپ، موللامنىڭ قېشىغا كەپتۇ.

— ئەي موللا، سەن ھەقىقىي موللا ئەمەس، بەلكى ھەممە ئىلىمسىزلەرنىڭمۇ سېنىڭدىن نومۇسى كېلىدۇ. سەن پەتىۋا-يىڭدا ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش كېرەك، دەيسەن، لېكىن مې-نىڭ بېغىمغا رۇخسەت بارمۇ، يوق، دېمەي كىرىسەن. رۇخسەت-سىز ھالدا كىشىنىڭ بېغىغا كىرىش توغرا دەپ ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىپە ۋە يا ئىمام شاپى پەتىۋا بەرگەنمۇ ياكى ئىسلام كىتابىدا ئىگىسىدىن سورىماي كىشىنىڭ ھەققىنى يېيىش توغرا دېگەن سۆز بارمۇ؟! — دەپ موللىنى قاتتىق جازالاپتۇ. موللا كۆڭلىدە: «بۇ جازا ماڭا ھەقتۇر، ھەر كىشىكىم مەندەك ئالدام خالتىغا چۈشۈپ دوستلىرىدىن ئايرىلىپ يالغۇز قالسا، شۇنداق جازاغا لايىق بولۇر. ماڭا باغۋەننىڭ جازاسى تېخى ئاز-

دۇر. مەن ئۆز كۆمچىمگە چوغ تارتىپ دوستلارغا يامان كۆز بىلەن قاراپ، يالغۇز قالسام، كۆپرەك يەرمەن دېگەن غەرەزدە بولدۇم، شۇڭا بۇ جازا ماڭا ھالال» دەپ ئويلاپتۇ.

باغۋەن موللىنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇپ باغنىڭ سىر-تىغا تاشلاپتۇ ۋە باغنىڭ دەرۋازىسىنى ئېتىپتۇ.



مۇقاۋا رەسسمنى سىزغۇچى : مەمەت ئابدۇرېھىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت

ئىزىمىز Play™
robot
ئىزىمىز بىلىم خەزىنىسى

ISBN 978-7-228-12022-2
9 787228 120222 >
定价：12.00 元